توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 6 - يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

(4 - قىسىم)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 6 - يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

4 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　　者：阿克木江·麦　　تۈزگۈچى : ھاكىمجان مەسۇم
责任编辑：帕尔哈提·伊　　مەسئۇل مۇھەررىرى : پەرھات ئىلياس
责任校对：阿孜古丽·艾　　مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۈل ھېيتەم

义务教育六年制小学课本

# 语　法

第四册

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1 240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 4.375
2005 - يىل 6 - ئاي 2 - نەشرى
2005 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 187 838 —— 1
ISBN 7 — 5370 — 5338 — 3
باھاسى : 2.72 يۈەن G·1871（维课）

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ،
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830001 ؛ تېلېفون : 2864876 — 0991

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

1 . بۇيرۇق پېئىل ........................... 1
2 . ھال پېئىل ................................ 5
3 . ياردەمچى پېئىل ........................... 9
4 . پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈر-
لىنىشى ........................................ 15
5 . سۈپەت پېئىل ............................. 33
6 . پېئىللارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ......... 39
پېئىل توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش... 42
7 . رەۋىش ...................................... 48
8 . رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ......... 53
9 . ياردەمچى سۆزلەر ........................... 56
10 . تەقلىد سۆزلەر.............................. 62
11 . ئىملىق سۆزلەر ............................. 66
رەۋىش ، ياردەمچى سۆز ، تەقلىد سۆز ۋە
ئىملىق سۆزلەر توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەك-
رارلاش ......................................... 69
12 . ئاددىي جۈملە .............................. 73
13 . قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى... 77
14 . كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگى-
سى ............................................. 84

جۈملە توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ··· 90
15 . قىستۇرما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى ··· 96
16 . قاراتما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى··· 101
17 . بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى ············ 110
18 . قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ·········· 112
19 . سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈ-
شەنچە ································· 114
20 . مەنىداش سۆزلەر ························ 119
21 . شەكىلداش سۆزلەر ······················ 122
22 . قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ············ 126
مەنىداش سۆز ، شەكىلداش سۆز ۋە قارى-
مۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر توغرۇلۇق ئۆت-
كەنلەرنى تەكرارلاش ······················ 129

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 1 . بۇيرۇق پېئىل

بىز 5 ـ يىللىقتا پېئىل ۋە ئۇنىڭ بولۇشلۇق ، بولۇشسىز شەكىللىرى ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئۈچ زامان بىلەن تونۇشقانىدۇق . بۇ يىللىقتا يەنە ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بىلەن داۋاملىق تونۇشىمىز .

بەزى پېئىللار جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق قىلىش ، ئۆتۈنۈش ، مەسلىھەت بېرىش ، خالاش ، چاقىرىق قىلىش قاتارلىق ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

1 . ئەسقەر ، دەرسلىرىڭنى ئۆز ۋاقتىدا تەييارلا .

2 . ئۇلار ھازىر كەلسۇن .

3 . رامىلە ، ماڭا ياردەملەشسىڭىزچۇ .

4 . ئەڭ ياخشىسى ، بۇ ئىشنى ئۇ ئۆزى ئىشلىسۇن .

5 . مەن ئۆيگە قايتىپ كېتەي .

6 . تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ھەر كۈنى يۇقىرى ئۆرلەڭلار !

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «تەييارلا ، كەلسۇن» دېگەن پېئىللار بۇيرۇق مەنىسىدە ، «ياردەملەشسىڭىزچۇ» دېگەن پېئىل ئۆتۈنۈش مەنىسىدە ، «ئىشلىسۇن» دېگەن پېئىل مەسلىھەت مەنىسىدە ، «قايتىپ كېتەي» دېگەن پېئىل خالاش مەنىسىدە ، «يۇقىرى ئۆرلەڭلار» دېگەن پېئىل شوئار ، چاقىرىق مەنىسىدە كەلگەن . يۇقىرىقىلار بۇيرۇق پېئىللاردۇر .

بۇيرۇق ، ئۆتۈنۈش ، مەسلىھەت ، خالاش ، شوئار ـ چاقىرىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار بۇيرۇق پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن :

ياز ، ئىشلە ، ئوقۇڭلار ، كېلىڭ ، كەتسۇن ، ئۇخلىما ، توختا ، ئېيتما (بۇيرۇق مەنىسىدە كەلگەن) ؛ بېرىپ تۇرۇڭا ، ئۆگىتىپ قويسىڭىز ، چۈشەندۈرۈپ قويساڭچۇ ، ئېيتىپ قويمىغىن (ئۆتۈنۈش ـ مەسلىھەت مەنىسىدە كەلگەن) ؛ باراي ، يازاي ، دەم ئالمايلى ، كېتەيلى (خالاش مەنىسىدە كەلگەن) ؛ ياشىسۇن ، ئۆگىنەيلى ، ئورۇندايلى (شوئار ـ چاقىرىق مەنىسىدە كەلگەن)…

بۇيرۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىل تومۇرىغا «ـما ، ـمە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ .

مەسىلەن :

ئوينا — ئوينىما ، ماڭ — ماڭما ، كەل — كەلمە ، سۆزلە — سۆزلىمە ، بار — بارما

بۇيرۇق پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

سەن خېتىڭنى ياز . ئۇ ، كىتابنى ئوقۇسۇن . ساۋاقداشلار ، تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار . بۇ يەرنى مەن تازىلاي .

**1** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، بۇيرۇق پېئىللارنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئوبدان ئىشلە . 2 . قادىر ، سەن ئۇلارغا ئېيت ، ئۇلار تېز قايتىپ كەلسۇن . 3 . سىلەر ئۆزئارا ياردەملىشىڭلار . 4 . دوسكىنى مەن سۈرتۈۋېتەي . 5 . ساۋاقداشلار ، دەرسخانا ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلايلى . 6 . ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ! 7 . سىز دەرسكە كېچىكمەڭ . 8 . ئاسىيە ، گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋەتسىڭىزچۇ ! 9 . سىز قايتىپ دەم ئېلىڭ . 10 . دوسكىدىكى خەتلەرنى ئۆچۈرۈۋەتمەڭلار .

2 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

كوچا — خەلقنىڭ ئورتاق پائالىيەت مەيدانى ، كوچىدا يول يۈرۈشنىڭ قائىدىسى بولىدۇ . ئۇنداقتا كوچىدا يول يۈرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ؟

كوچىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنى تۈزۈۋېلىڭ : چېچىڭىزنى تاراڭ ، ئايىغىڭىزنى سۈرتۈڭ ، مايلاڭ ، پاكىز كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ .

كوچىدا قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ ، پۇتىڭىزنى سۆرىمەي ، قولىڭىزنى يانچۇقىڭىزغا سالماي روھلۇق مېڭىڭ . كىيىملىرىڭىزنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىڭ ، باش كىيىمىڭىزنى تۈز ھەم يارىشىملىق قىلىپ كىيىڭ .

كوچىدا ماڭغاندا تازىلىققا رىئايە قىلىڭ ، كەمپۈت قەغىزى ، مېۋە شۆپىكى قاتارلىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلىماڭ ، تۈكۈرمەڭ . ئەڭ ياخشىسى ، كوچىدا بىر نەرسە يەپ ماڭماڭ ، ئۇنداق قىلسا مەدەنىيەتسىزلىك ، ئەدەپسىز-

لىك بولىدۇ.

ئۆي ۋە بىنالارنىڭ تاملىرىغا، سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىگە قالايمىقان خەت يازماڭ، رەسىم سىزماڭ.

كوچىدا كېتىۋاتقاندا يولدىن ئۆتۈشتە قىينىلىدىغان ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ يولدىن ئۆتۈشىگە ياردەملىشىڭ. يولدىن ئۆتمەكچى بولغان كىچىك بالىلارنى كۆرسىڭىز، قولىدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ قويۇڭ.

شەھەر كوچىلىرىدا بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆتمەكچى بولسىڭىز، پىيادىلەر ئۆتۈشكە بەلگىلەنگەن جايدىن ئۆتۈڭ.

3- كۆنۈكمە. ئۆزۈڭلار بىرقانچە بۇيرۇق پېئىللارنى تېپىپ، ئۇلارنى خەۋەر قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 2 . هال پېئىل

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان پې-ئىللارنىڭ قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىگە دىق-قەت قىلىڭلار :

1 . مۆئەللىم بىزگە قاراپ كۈلدى .

2 . ئادىل تېز يۈگۈردى .

3 . مۆئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى .

4 . ئادىل يۈگۈرۈپ كەلدى .

1 - ۋە 2 - جۈملىلەردىكى «كۈلدى» ، «يۈگۈردى» دېگەن پېئىللار «مۆئەللىم» ، «ئادىل» دېگەن ئىگىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ؛ 3 - ۋە 4 - جۈملىلەردىكى «كۈلۈپ تۇرۇپ» ، «يۈگۈرۈپ» دېگەن پې-ئىللار «سۆزلىدى» ، «كەلدى» دېگەن پېئىللاردا ئاڭلى-تىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتىنى بىلدۈ-رۈپ كەلگەن . دېمەك ، «كۈلۈپ تۇرۇپ» ، «يۈگۈرۈپ» دېگەن پېئىللار شۇ جۈملىلەردىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەرى-كىتىنى بىلدۈرمەي ، بەلكى شۇ جۈملىلەرنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىپ ، شۇ خەۋەرلەردە ئاڭلى-تىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتىنى بىلدۈ-رۈپ كەلگەن . شۇڭا ، «كۈلۈپ تۇرۇپ» ، «يۈگۈرۈپ» دېگەن پېئىللار ھال پېئىللاردۇر .

جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ھال پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن:

بىز بوۋامنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ ئولتۇردۇق.

ئۇلار بۇ يەرگە مېڭىپ كەپتۇ.

مۇئەللىم بۇ دەرسنى بىزگە سۆزلەپ چۈشەندۈردى.

كارىۋاتتا يېتىپ كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادەت ئەمەس.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان پېئىللار ھال پېئىللاردۇر.

بەزىدە ھال پېئىللار جۈملىدىكى خەۋەرنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتىنى بىلدۈرمەي، بەلكى ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، ئەمما بۇنداق ھال پېئىللار جۈملىنى تولۇق ئاياغلاشتۇرالمايدۇ، باشقا پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا تۇتۇلۇپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولدۇم.

سەن بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقتىڭمۇ؟

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ھال پېئىللار بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «-پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئىشلە + پ (ئىشلەپ) بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

كەت + ـىپ (كېتىپ) قالدى .
ئۇلتۇر + ۇپ (ئولتۇرۇپ) سۆزلىدى .
كۆر + ۇپ (كۆرۈپ) بولدى .

4 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ھال پېئىللارنى تېپىڭلار :

1 . مەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن . 2 . ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ، ئولتۇردى . 3 . بىز كىتاب ـ دەپتەرلىرىمىزنى ئېلىپ ، باغقا كىرىپ مۇزاكىرە قىلدۇق . 4 . بىز ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتتۇق . 5 . باغدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى . 6 . قۇشلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلدى . 7 . سەن بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇپ ، ئۆيگە تېز قايتىپ كەلگىن . 8 . مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ ، ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي . 9 . سىلەر قىلىشقان گەپلەرنى ئالىيە ئاڭلاپ قاپتۇ . 10 . قادىر ئويۇننى كۆرۈپ بولۇپ قايتىپ كەتتى .

5 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللارغا «پ ، ـىپ ، ۇپ ، ۈپ» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ ھال پېئىللارنى ياساڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار :

ياز ، قارا ، ئېيت ، سانا ، بىل ، ئىشلە ، سۆزلە ، ئۆگەن ، ئاڭلا ، كەل ، كۆرسەت ، كۈل ، يىغلا

ئۈلگە :

كەل + ـىپ = كېلىپ — ئۇ بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدۇ .

6 ـ كۆنۈكمە . كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا «ـ پ ، ـ ىپ ، ـ ۇپ ، ـ ۈپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇۋاپىقىنى قويۇپ ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

1 . يامغۇر شارقىرا ... يېغىشقا باشلىدى . 2 . مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلە ... بول ... سىلەرنىڭ ئۆيگە باردىمەن . 3 . ئۇلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلە ... ، بەكمۇ چارچا ... كەتتى . 4 . ئۇ ئەتىگەن كېچىك ... قال ... ، گىمناستىكىغا قاتنىشالمىدى . 5 . سىلەر رەخىمەنى يوقلا ... كەلدىڭلارمۇ ؟ 6 . ئوينا ... سۆزلىسەڭمۇ ، ئويلا ... سۆزلە (ماقال ) . 7 . دوست يىغلا ... ئېيتار ، دۈشمەن كۈلدۈر ... (ماقال ) . 8 . مەن بۇ ئىشنى سورا ... باق ... ، ئاندىن بىر نېمە دەي .

7 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ ، ھال پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

سپارتاك «قېرىنداشلار ! ھەرىكەتلىنەيلى ! » دەپ كېسىپ ئېيتتى . بىر قۇل شۇ ھامان قۇلۇپلاقلىق تۆمۈر ئىشىكنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلىۋەتتى . 11 كىشى بىرلىكتە ئېتىلىپ چىقتى . ئۇلارغا قارشى يۈزمۇيۈز مېڭىپ كېلىۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارنى سپارتاك نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى . پۈتۈن مەيدان شۇ ھامان قالايمىقانلىشىپ كەتتى . سپارتاك قىرىپ ـ چېپىپ ، بىر قانلىق يول ئاچتى ـ دە ، قاتتىق ۋارقىرىدى : «قۇل بولۇشنى خالىمايدىغانلار قوزغىلىڭلار ! » سان ـ ساناقسىز قۇللار تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىرىدىكى قوراللارنى تارتىۋالدى . ئۇلار 11 كىشى قوشۇلۇپ ، قۇدرەتلىك بىر قوشۇننى تەشكىل قىلدى ـ دە ، قىرىپ ـ چېپىپ چىقىپ كېتىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3 . ياردەمچى پېئىل

تىلىمىزدا «ئىدى ، ئىكەن ، ئىمىش ، بول » دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوللىنىلماي ، پەقەت باشقا سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ ، قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن :

مەنمۇ بۇزۇن سىلەرگە ئوخشاش ئوقۇغۇچى ئىدىم .

بۇ كىتاب ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىكەن .

ئۇ رەسىم سىزىشقا ئۇستا ئىمىش .

قاسىم بۇ قېتىمقى ھۆسنخەت يېزىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدى .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئىدىم » دېگەن ياردەمچى پېئىل «ئوقۇغۇچى » دېگەن ئىسىمغا ياندىشىپ كەلگەن (بىللە كەلگەن ) ؛ «ئىكەن » دېگەن ياردەمچى پېئىل «ياخشى » دېگەن سۈپەتكە ياندىشىپ كەلگەن ؛ «ئىمىش » دېگەن ياردەمچى پېئىل «ئۇستا » دېگەن سۈپەتكە ياندىشىپ كەلگەن ؛ «بولدى » دېگەن ياردەمچى پېئىل «بىرىنچى » دېگەن سانغا ياندىشىپ كەلگەن .

دېمەك :

ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوللىنىلمايدىغان، لېكىن باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە ئاڭلىتىدىغان پېئىللارنى ياردەمچى پېئىل دەيمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە «قال، بەر، چىق، كەل، كەت ...» دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار بەزى جۈملىلەردە ھال پېئىللارغا ياندىشىپ، ياردەمچى پېئىل بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار يىغلىشىپ قالدى.

ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بەردى.

سەن بۇ ھېكايىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققىن.

دادام ئۆزۈندىن بۇيان مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

دېمەك، يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «قالدى، بەردى، چىققىن، كېلىۋاتىدۇ، كەتتى» دېگەن پېئىللار «يىغلىشىپ، ئېيتىپ، ئوقۇپ، ئىشلەپ، كۈلۈپ» دېگەن ھال پېئىللارغا ياندىشىپ، ياردەمچى پېئىل بولۇپ كەلگەن. بۇنداق پېئىللارنىڭ قانداق ئەھۋالدا ياردەمچى پېئىل بولۇپ كېلىدىغانلىقى، قانداق ئەھۋالدا ياردەمچى پېئىل بولۇپ كەلمەيدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئاستى سىزىلغان پېئىللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بىلىۋالالايمىز.

1. ① سىلەر كىتنۇبرىڭلار ، بۇ يەردە مەن قالىمەن .
② سەن ئۇنى ھەرقانچە يوشۇرساڭمۇ ، بەربىر كۆرۈپ قالىمەن .

2. ① بۇ قەلەمنى ساڭا بېرەي .
② بۇ شېئىرنى ساڭا ئوقۇپ بېرەي .

3. ① ئۇ ھازىر ئۆيدىن چىقتى .
② بۇ مەسىلىنى ئۇ كىچىچە ئويلاپ چىقتى .

4. ① شاۋكەت مەكتەپتىن كېلىۋاتىدۇ .
② شاۋكەت ئۆز ۋىدىن بۇيان ماڭا ياردەم بېرىپ كېلىۋاتىدۇ .

5. ① ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەككە كەتتى .
② ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى .

يۇقىرىقى ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ بىرىنچى جۈملىلىرىدىـ
كى ئاستى سىزىلغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل ئەمەس ،
ئىككىنچى جۈملىلىرىدىكى ئاستى سىزىلغان پېئىللار ئالدىـ

دىكى ھال پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىپ ، ياردەمچى پېئىل بولۇپ كەلگەن .

**ياردەمچى پېئىللار جۈملىدە مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ . ئۇلار باشقا سۆزلەرگە ، تولاراق ھال پېئىللارغا ياندىشىپ ، شۇ سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ .**

مەسىلەن :

مېنىڭ ئۇكام زاۋۇتتا ئىنژېنېر بولدى . ئۇ بۇرۇن ئۆگىنىشتە دىگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى .

مەن سەن يازغان خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم .

ئۇ ، تاپشۇرۇقلىرىنى بۇرۇنلا ئىشلەپ بولغانىكەن .

قاسىم ئۆيىگە قايتىپ كەتتى .

8 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىككى قاتارغا يېزىلغان جۈملىلەردىكى پېئىللارنى سېلىشتۇرۇڭلار ھەمدە ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

| 1 ـ قاتار | 2 ـ قاتار |
|---|---|
| دەرس باشلاندى . | دەرس باشلىنىپ قالدى . |
| مەن خەت يازدىم . | مەن خەت يېزىپ بولدۇم . |
| بۇ كىتاب ياخشى . | بۇ كىتاب ياخشى ئىكەن . |
| گۈللەر ئېچىلدى . | گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى . |
| ئاكام — ئىشچى . | ئاكام ئىشچى بولدى . |
| ئۇكام مەكتەپكە كەتتى . | ئۇكام كۈلۈپ كەتتى . |
| ئاسىيە ئۆيىدىن كەلدى . | ئاسىيە دائىم ماڭا ياردەم قىلىپ كەلدى . |
| سەن تالاغا چىققىن . | سەن بۇ ھېسابنى ئىشلەپ چىققىن . |

www.uyghurkitap.com

**9** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياردەمچى پېئىللارنى قويۇڭلار :

1 . سوغۇق كۈچىيىپ ...... 2 . بىر توپ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چىقىپ ...... 3 . بىز باغقا كۆچەت تىككەن ...... هازىر چوڭ دەرەخ بولۇپ ...... 4 . ئوقۇغۇچىلار «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە مۇشتەرى ...... 5 . بەشكە بەشنى قوشسا ، ئون ...... 6 . دادام بىزگە هېكايە ئېيتىپ ...... 7 . مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ ...... ئۇكامنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ياردەم ...... 8 . ۋاقىت توشۇشقا ئاز ...... 9 . ئۇ ، قورققانلىقىدىن يىغلاپ ...... 10 . بىز بۇ ۋەزىپىنى هازىرلا ئورۇنداپ ...... .

**10** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، خەۋەرلىرىنى تېپىڭلار ھەمدە ھەربىر جۈملىنىڭ خەۋىرى قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ، ئاندىن ئۇلار ئىچىدىكى ياردەمچى پېئىللارنى كۆرسىتىڭلار :

1 . كەچ كىرىپ قالدى . 2 . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى . 3 . مەن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇم . 4 . بۇ كىتابنى جۇرئەتكە بېرىپ قويغىن . 5 . سەن بۇ ماقالىنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىققىن . 6 . ئۇ بۇرۇن ئوقۇتقۇچى بولغانىكەن . 7 . رەيھانگۈل ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇپ كەتتى . 8 . مەكتىپىمىزنىڭ سەنئەت گۇرۇپپىسى بىزگە ئويۇن قويۇپ بەردى . 9 . ئۇ كىتابنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن-

مەن . 10 . ئۇ بورۇن ئىشچى ئىدى .

**11** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ھەربىرى بىلەن ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار . بۇ پېئىللار بىرىنچى جۈملىدە ئەسلىي پېئىل ، ئىككىنچى جۈملىدە ياردەمچى پېئىل بولۇپ كەلسۇن :

بەر ، كەل ، چىق ، كەت ، قال ، ئال ، قوي ، تۇر

ئۈلگە :

كەت — 1 . ئاكام ئىدارىسىگە كەتتى .

2 . ئوقۇغۇچىلار غەيرەت بىلەن ئىشلەپ كەتتى .

# 4 . پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇلارغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، شۇ پېئىلدا ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

1 . مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

2 . سىز رەسىم سىزىڭ.

3 . ئۇلار قايتىپ كەلدى.

1 - جۈملىدىكى «ئوقۇ» دېگەن پېئىلغا «-يمەن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ 1 - شەخس (سۆزلىگۈچى) تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 2 - جۈملىدىكى «سىز» دېگەن پېئىلغا «-ىڭ» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ 2 - شەخس (تىڭشىغۇچى) تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغانلىقىنى، 3 - جۈملىدىكى «كەل» دېگەن پېئىلغا «-دى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ 3 - شەخس (ئۆزگە) تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. دېمەك، «ئوقۇيمەن، سىزىڭ، كەلدى» دېگەن پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللاردۇر.

پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىنى پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز.

پېئىللار ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| مەن باراي. | بىز بارىمىز. |
| سەن بارغىن. | سىلەر بارىسىلەر. |
| ئۇ بارسۇن. | ئۇلار بارىدۇ. |

پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ تۈرلىنىدۇ: بىرى، پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە تۈرلىنىشى؛ يەنە بىرى، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كېلىدىغان زامان خەۋەر مەنىسىدە تۈرلىنىشى.

1. پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە تۈرلىنىشى:

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| مەن ئوقۇي. | بىز ئوقۇيلى. |
| سەن ئوقۇ (ئوقۇغىن). | سىلەر ئوقۇڭلار. |
| (سىز ئوقۇڭ). | |
| ئۇ ئوقۇسۇن. | ئۇلار ئوقۇسۇن. |
| مەن ئوقۇماي. | بىز ئوقۇمايلى. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن ئوقۇما (ئوقۇمىغىن .) سىلەر ئوقۇماڭلار .
(سىز ئوقۇماڭ .)
ئۇ ئوقۇمىسۇن . ئۇلار ئوقۇمىسۇن .

ئەسكەرتىش : بۇيرۇق پېئىللار ئۆتكەن زامان ۋە ھازىرقى زاماندا كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار ئۆتكەن زامان ۋە ھازىرقى زامان مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ .

2 . پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ، ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامان خەۋەر مەنىسىدە تۈرلىنىشى :

ئۆتكەن زامان

مەن ئوقۇدۇم . بىز ئوقۇدۇق .
سەن ئوقۇدۇڭ . سىلەر ئوقۇدۇڭلار .
(سىز ئوقۇدىڭىز .)
ئۇ ئوقۇدى . ئۇلار ئوقۇدى .
مەن ئوقۇمىدىم . بىز ئوقۇمىدۇق .
سەن ئوقۇمىدىڭ . سىلەر ئوقۇمىدىڭلار .
(سىز ئوقۇمىدىڭىز .)
ئۇ ئوقۇمىدى . ئۇلار ئوقۇمىدى .

## هازىرقى زامان

| | |
|---|---|
| مەن ئوقۇۋاتىمەن . | بىز ئوقۇۋاتىمىز . |
| سەن ئوقۇۋاتىسەن . | سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر . |
| (سىز ئوقۇۋاتىسىز . ) | |
| ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ . | ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ . |
| مەن ئوقۇمايۋاتىمەن . | بىز ئوقۇمايۋاتىمىز . |
| سەن ئوقۇمايۋاتىسەن . | سىلەر ئوقۇمايۋاتىسىلەر . |
| (سىز ئوقۇمايۋاتىسىز . ) | |
| ئۇ ئوقۇمايۋاتىدۇ . | ئۇلار ئوقۇمايۋاتىدۇ . |

## كېلىدىغان زامان

| | |
|---|---|
| مەن ئوقۇيمەن . | بىز ئوقۇيمىز . |
| سەن ئوقۇيسەن . | سىلەر ئوقۇيسىلەر . |
| (سىز ئوقۇيسىز . ) | |
| ئۇ ئوقۇيدۇ . | ئۇلار ئوقۇيدۇ . |
| مەن ئوقۇمايمەن . | بىز ئوقۇمايمىز . |
| سەن ئوقۇمايسەن . | سىلەر ئوقۇمايسىلەر . |
| (سىز ئوقۇمايسىز . ) | |
| ئۇ ئوقۇمايدۇ . | ئۇلار ئوقۇمايدۇ . |

پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان بويرۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1 . بۇيرۇق تۈرى

| شەخسلەر | پېئىللار | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچىلار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى) | ئىشلە ياز كۆر | ـي ، ـاي ، ـەي | ئىشلەي ، يازاي ، كۆرەي | ـيلى ، ـايلى ، ـەيلى | ئىشلەيلى يازايلى كۆرەيلى |
| 2 ـ شەخس (تىڭشىغۇچى) | ئىشلە ياز كۆر | ـڭ ، ـاڭ ، ـۇڭ ، ـۈڭ ، ـغىن ، ـقىن ، ـگىن ، ـكىن | ئىشلە (ئىشلەڭ ، ئىشلىگىن) ، ياز (يېزىڭ ، يازغىن) ، كۆر (كۆرۈڭ ، كۆرگىن) | ـڭلار ، ـىڭلار ، ـۇڭلار ، ـۈڭلار ، | ئىشلەڭلار يېزىڭلار كۆرۈڭلار |
| 3 ـ شەخس (ئۆزگە) | ئىشلە ياز كۆر | ـسۇن | ئىشلىسۇن ، يازسۇن ، كۆرسۇن | ـسۇن | ئىشلىسۇن يازسۇن كۆرسۇن |

ئەسكەرتىش : پېئىل تومۇرى 2 ـ شەخس بۇيرۇق پېئىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ، قوشۇمچە ئۇلانمىغان بۇيرۇق پېئىللار 2 ـ شەخستىكى بۇيرۇق پېئىل ھېسابلىنىدۇ .

## 2 . بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | پېئىللار | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچىلار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى) | ئىشلە<br>ياز<br>كۆر | ـماي ، ـمەي | ئىشلىمەي ، يازماي ، كۆرمەي | ـمايلى ، ـمەيلى | ئىشلىمەيلى<br>يازمايلى<br>كۆرمەيلى |
| 2 ـ شەخس (تىڭشىغۇچى) | ئىشلە<br>ياز<br>كۆر | ـما ، ـمە ، ـماڭ ، ـمەڭ ، ـمىغىن ، ـمىگىن | ئىشلىمە (ئىشلىمەڭ ، ئىشلىمىگىن) ، يازما (يازماڭ ، يازمىغىن) ، كۆرمە (كۆرمەڭ ، كۆرمىگىن) | ـماڭلار ، ـمەڭلار ، | ئىشلىمەڭلار<br>يازماڭلار<br>كۆرمەڭلار |
| 3 ـ شەخس (ئۆزگە) | ئىشلە<br>ياز<br>كۆر | ـمىسۇن | ئىشلىمىسۇن ، يازمىسۇن ، كۆرمىسۇن | ـمىسۇن | ئىشلىمىسۇن<br>يازمىسۇن<br>كۆرمىسۇن |

ئەسكەرتىش : شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن بۇيرۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز تۈرى ئەمەلىيەتتە پېئىل تومۇرىغا «ـما ، ـمە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ . پېئىل تومۇرىغا پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكىل قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاشتا ، ئالدى بىلەن پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكىل قوشۇمچىسى «ـما ، ـمە» ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ .

**12 ـ كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە تۈرلىنىپ كەلگەن پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇ پېئىللارنىڭ قايسى شەخستە ۋە قانداق شەكىلدە (بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز) تۈرلىنىپ كەلگەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . قاسىم ئالدىراپ : «گۈلمىرەگە مەن ياردەم بېرەي» دېدى . 2 . ساۋاقداشلار ، دوسكىغا قاراڭلار ؛ بۇ جۈملىلەرنىڭ يېزىلىشىغا دىققەت قىلىڭلار . 3 . سىز ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ ، ئۇلار مېنى ساقلىمىسۇن . 4 . ئەنۋەر ، سەن ئالدى بىلەن سوئالنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغىن ، ئاندىن ياخشى ئويلانغىن ، ئېسىڭگە ئالغاندىن كېيىن ئاندىن جاۋاب بەرگىن . 5 . ئالدى بىلەن كۆنۈكمىنىڭ تەلىپىنى ئوقۇيلى ، ئاندىن ئۇنى بىر - بىرلەپ ئىشلەيلى . 6 . سەن سىنىپقا سۇ چاچقىن ، مەن سۈپۈرەي . 7 . قادىر دۇتار چالسۇن ، رەيھان ئۇسسۇل ئوينىسۇن . 8 . سەن بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغىن ، ئۇ ھازىرچە بۇنى ئاڭلىمىسۇن . 9 . سەن مەشەدە تۇرۇپ تۇرغىن ، مەن بېرىپ كېلەي . 10 . قارا ، ئەسئەت يەنە خاتا يېزىپ قويدى ، سەن تۈزەت .

**13 - كۆنۈكمە .** «ئال ، ياز ، كەل ، بەر» دېگەن پېئىللارنى كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز شەكىلدە تۈرلەڭلار :

ئۈلگە :

ياز — يازاي ، يازايلى ، يازماي ، يازمايلى

ياز — يېزىڭ ، يازغىن ، يېزىڭلار ، يازما ، يازماڭ ، يازمىغىن ، يازماڭلار

ياز — يازسۇن ، يازمىسۇن

پېئىللارنىڭ خەۋەر مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى :

# 1. بولۇشلۇق تۈرى

## ئۆتكەن زامان

| شەخسلەر | شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچىلار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس<br>(سۆزلى-<br>گۈچى) | -دىم ، -تىم ،<br>-دۇم ، -دۈم ،<br>(-تۇم ،<br>-تۈم) | ئىشلىدىم<br>ئەتتىم<br>ئوقۇدۇم<br>كۆردۈم<br>ئۇچتۇم<br>ئۆتتۈم | -دۇق<br>-تۇق | ئىشلىدۇق<br>ئەتتۇق<br>كۆردۇق<br>ئۇچتۇق |
| 2 ـ شەخس<br>(تىڭشى-<br>غۇچى) | -دىڭ<br>(-دىڭىز)<br>-تىڭ<br>(-تىڭىز)<br>-دۇڭ<br>-دۈڭ<br>-تۇڭ ، -تۈڭ | ئىشلىدىڭ (ئىش-<br>لىدىڭىز) ، ئەتتىڭ<br>(ئەتتىڭىز) ، ئو-<br>قۇدۇڭ ، كۆردۈڭ<br>(كۆردىڭىز) ،<br>ئۇچتۇڭ (ئۇچتى-<br>ڭىز) ، ئۆتتۈڭ | -دىڭلار<br>-تىڭلار<br>-دۇڭلار<br>-دۈڭلار<br>-تۇڭلار<br>-تۈڭلار | ئىشلىدىڭلار<br>ئەتتىڭلار<br>كۆردۈڭلار<br>ئۇچتۇڭلار |
| 3 ـ شەخس<br>(ئۆزگە) | -دى<br>-تى | ئىشلىدى ، ئەتتى<br>كۆردى ، ئۇچتى | -دى<br>-تى | ئىشلىدى ،<br>ئەتتى ،<br>كۆردى ،<br>ئۇچتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# هازىرقى زامان

| شەخسلەر | شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچىلار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى) | -ۋاتىمەن<br>-ىۋاتىمەن<br>-ۇۋاتىمەن<br>-ۈۋاتىمەن | ئىشلەۋاتىمەن<br>يېزىۋاتىمەن<br>ئۇچۇۋاتىمەن<br>كۆرۈۋاتىمەن | -ۋاتىمىز<br>-ىۋاتىمىز<br>-ۇۋاتىمىز<br>-ۈۋاتىمىز | ئىشلەۋاتىمىز<br>يېزىۋاتىمىز<br>ئۇچۇۋاتىمىز<br>كۆرۈۋاتىمىز |
| 2 ـ شەخس (تىڭشىغۇچى) | -ۋاتىسەن<br>(-ۋاتىسىز)،<br>-ىۋاتىسەن<br>(-ىۋاتىسىز)،<br>-ۇۋاتىسەن<br>(-ۇۋاتىسىز)،<br>-ۈۋاتىسەن<br>(-ۈۋاتىسىز) | ئىشلەۋاتىسەن<br>(ئىشلەۋاتىسىز)،<br>يېزىۋاتىسەن<br>(يېزىۋاتىسىز)،<br>ئۇچۇۋاتىسەن<br>(ئۇچۇۋاتىسىز)،<br>كۆرۈۋاتىسەن<br>(كۆرۈۋاتىسىز) | -ۋاتىسىلەر<br>-ىۋاتىسىلەر<br>-ۇۋاتىسىلەر<br>-ۈۋاتىسىلەر | ئىشلەۋاتىسىلەر<br>يېزىۋاتىسىلەر<br>ئۇچۇۋاتىسىلەر<br>كۆرۈۋاتىسىلەر |
| 3 ـ شەخس (ئۆزگە) | -ۋاتىدۇ<br>-ىۋاتىدۇ<br>-ۇۋاتىدۇ<br>-ۈۋاتىدۇ | ئىشلەۋاتىدۇ<br>يېزىۋاتىدۇ<br>ئۇچۇۋاتىدۇ<br>كۆرۈۋاتىدۇ | -ۋاتىدۇ<br>-ىۋاتىدۇ<br>-ۇۋاتىدۇ<br>-ۈۋاتىدۇ | ئىشلەۋاتىدۇ<br>يېزىۋاتىدۇ<br>ئۇچۇۋاتىدۇ<br>كۆرۈۋاتىدۇ |

# كېلىدىغان زامان

| شەخسلەر | شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچىلار | كۆپلۈك |
| 1 - شەخس (سۆزلىگۈچى ) | -يمەن<br>-ىمەن | ئىشلەيمەن<br>يازىمەن<br>ئۈچىمەن<br>كۆرىمەن | -يمىز<br>-ىمىز | ئىشلەيمىز<br>يازىمىز<br>ئۈچىمىز<br>كۆرىمىز |
| 2 - شەخس (تىڭشىغۇچى ) | -يسەن ،<br>(-يسىز ) ،<br>-ىسە<br>(-ىسىز ) ، | ئىشلەيسەن<br>(ئىشلەيسىز ) ،<br>يازىسەن<br>(يازىسىز ) ،<br>ئۈچىسەن<br>(ئۈچىسىز ) ،<br>كۆرىسەن<br>(كۆرىسىز ) | -يسىلەر<br>-ىسىلەر | ئىشلەيسىلەر<br>يازىسىلەر<br>ئۈچىسىلەر<br>كۆرىسىلەر |
| 3 - شەخس (ئۆزگە ) | -يدۇ<br>-ىدۇ | ئىشلەيدۇ<br>يازىدۇ<br>ئۈچىدۇ<br>كۆرىدۇ | -يدۇ<br>-ىدۇ | ئىشلەيدۇ<br>يازىدۇ<br>ئۈچىدۇ<br>كۆرىدۇ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 2 . بولۇشسىز تۈرى

## ئۆتكەن زامان

| شەخسلەر | شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچە-<br>لار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس<br>(سۆزلە-<br>گۈچى) | -مىدىم | ئىشلىمىدىم<br>يازمىدىم<br>ئۇچمىدىم<br>كۆرمىدىم | -مىدۇق | ئىشلىمىدۇق<br>يازمىدۇق<br>ئۇچمىدۇق<br>كۆرمىدۇق |
| 2 ـ شەخس<br>(تىڭشى-<br>غۇچى) | -مىدىڭ<br>(-مىدىڭىز) | ئىشلىمىدىڭ<br>(ئىشلىمىدىڭىز)<br>يازمىدىڭ<br>(يازمىدىڭىز)<br>ئۇچمىدىڭ<br>(ئۇچمىدىڭىز)<br>كۆرمىدىڭ<br>(كۆرمىدىڭىز) | -مىدىڭلار | ئىشلىمىدىڭلار<br>يازمىدىڭلار<br>ئۇچمىدىڭلار<br>كۆرمىدىڭلار |
| 3 ـ شەخس<br>(ئۆزگە) | -مىدى | ئىشلىمىدى<br>يازمىدى<br>ئۇچمىدى<br>كۆرمىدى | -مىدى | ئىشلىمىدى<br>يازمىدى<br>ئۇچمىدى<br>كۆرمىدى |

# هازىرقى زامان

| شەخسلەر | شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچىلار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى) | -مەيۋاتىمەن<br>-مايۋاتىمەن | ئىشلىمەيۋاتىمەن<br>يازمايۋاتىمەن<br>ئۆچمايۋاتىمەن<br>كۆرمەيۋاتىمەن | -مەيۋاتىمىز<br>-مايۋاتىمىز | ئىشلىمەيۋاتىمىز<br>يازمايۋاتىمىز<br>ئۆچمايۋاتىمىز<br>كۆرمەيۋاتىمىز |
| 2 ـ شەخس (تىڭشىغۇچى) | -مەيۋاتىسەن<br>(-مەيۋاتىسىز)،<br>-مايۋاتىسەن<br>(-مايۋاتىسىز) | ئىشلىمەيۋاتىسەن<br>(ئىشلىمەيۋاتىسىز)<br>يازمايۋاتىسەن<br>(يازمايۋاتىسىز)<br>ئۆچمايۋاتىسەن<br>(ئۆچمايۋاتىسىز)<br>كۆرمەيۋاتىسەن<br>(كۆرمەيۋاتىسىز) | -مەيۋاتىسىلەر<br>-مايۋاتىسىلەر | ئىشلىمەيۋاتىسىلەر<br>يازمايۋاتىسىلەر<br>ئۆچمايۋاتىسىلەر<br>كۆرمەيۋاتىسىلەر |
| 3 ـ شەخس (ئۆزگە) | -مەيۋاتىدۇ<br>-مايۋاتىدۇ | ئىشلىمەيۋاتىدۇ<br>يازمايۋاتىدۇ<br>ئۆچمايۋاتىدۇ<br>كۆرمەيۋاتىدۇ | -مەيۋاتىدۇ<br>-مايۋاتىدۇ | ئىشلىمەيۋاتىدۇ<br>يازمايۋاتىدۇ<br>ئۆچمايۋاتىدۇ<br>كۆرمەيۋاتىدۇ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كېلىدىغان زامان

| شەخسلەر | شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلار | بىرلىك | قوشۇمچە-لار | كۆپلۈك |
| 1 ـ شەخس (سۆزلى-گۈچى) | -مەيمەن<br>-مايمەن | ئىشلىمەيمەن<br>يازمايمەن<br>ئۆچمايمەن<br>كۆرمەيمەن | -مەيمىز<br>-مايمىز | ئىشلىمەيمىز<br>يازمايمىز<br>ئۆچمايمىز<br>كۆرمەيمىز |
| 2 ـ شەخس (تىڭشى-غۇچى) | -مەيسەن<br>(-مەيسىز)<br>-مايسەن<br>(-مايسىز) | ئىشلىمەيسەن<br>(ئىشلىمەيسىز)<br>يازمايسەن<br>(يازمايسىز)<br>ئۆچمايسەن<br>(ئۆچمايسىز)<br>كۆرمەيسەن<br>(كۆرمەيسىز) | -مەيسىلەر<br>-مايسىلەر | ئىشلىمەيسىلەر<br>يازمايسىلەر<br>ئۆچمايسىلەر<br>كۆرمەيسىلەر |
| 3 ـ شەخس (ئۆزگە) | -مەيدۇ<br>-مايدۇ | ئىشلىمەيدۇ<br>يازمايدۇ<br>ئۆچمايدۇ<br>كۆرمەيدۇ | -مەيدۇ<br>-مايدۇ | ئىشلىمەيدۇ<br>يازمايدۇ<br>ئۆچمايدۇ<br>كۆرمەيدۇ |

ئەسكەرتىش: شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن خەۋەر پېئىللارنىڭ بولۇشسىز تۈرى ئەمەلىيەتتە پېئىل تومۇرىغا «-ما، -مە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. يەنى پېئىل تومۇرىغا ئالدى بىلەن بولۇشسىز پېئىل قوشۇمچىسى «-ما، -مە»، ئۇنىڭدىن كېيىن شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ، «-ما، -مە» قوشۇمچىلىرى بەزىدە ئاجىزلىشىپ «مى»غا ئۆزگىرىدۇ.

**14** - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى ماقالىنى ئوقۇپ، شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللارنى تېپىڭلار:

### مېنىڭ مەكتىپىم

ئېھ، ئانا مەكتىپىم! سەن مېنىڭ سەبىي قەلبىمنى يورۇتقان نۇرلۇق چىراغسەن، يولۇمنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ماياكسەن، بىلىم تەشنالىقىمنى قاندۇرغۇچى بۇلاقسەن.

مەن ئانامنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سېنى ئۆز ئانامغا ئوخشىتىمەن. سېنىڭ قەلبىمگە بىلىم شەربىتى سىڭدۈرۈشۈڭنى ئانامنىڭ ئايدىڭ كېچىلەردە ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئاغزىمغا پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئۇرغۇپ چىققان ئاق سۈتىنى تېمىتقىنىغا ئوخشىتىمەن. شۇڭا، سېنى كۆزۈمنى ئاچقان مەرىپەت ئانام دەيمەن.

قۇش بالىسىمۇ قانات چىقىرىپ ئۇچۇشنى ئۆگىنىپ، يېڭى ھايات يولىنى تاپقاندەك مەنمۇ سېنىڭ قوينۇڭدا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئاق - قارىنى، دوست بىلەن

دۈشمەننى پەرق ئېتەلەيدىغان ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولدۇم . سەن مېنى يەنە ئاجايىپ زور ئۈمىد بىلەن ئۈچۈردۈڭ .

مەن ئۇچۇۋاتىمەن ، ئۇستازلىرىمنىڭ ، ئاتا - ئانامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش ، بۈيۈك مەقسەت ۋە غايەمگە يېتىش ئۈچۈن ئىلىم - پەن ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتىمەن ! مەڭگۈ پەرۋاز قىلماقچىمەن !

ئېھ ، ئانا مەكتىپىم ! مەن بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداپ ، ئىلىم - پەن ساھەسىدە يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن بەل باغلايمەن . ئۆزۈمنىڭ ئوتتەك ياشلىق باھارىمنى مىللەتىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بېغىشلايمەن .

15 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆتكەن زامان پېئىل خەۋەر مەنىسىدە 2 - شەخسنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەڭلار ھەم ھەربىرى بىلەن بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار :

ماڭ ، ئۇخلا ، قارا ، كەل ، تازىلا ، يۇگۈر

ئۈلگە :

يۇگۈر — يۇگۈردۇڭلار — سىلەر بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە تېز يۇگۈردۇڭلار .

16 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پېئىللارنى كېلىدىغان زامان خەۋەر پېئىل مەنىسىدە ، 1 - شەخسنىڭ بىرلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بولۇشسىز شەكىلدە تۇرلەڭلار ھەم ئۇلارنىڭ

ھەربىرى بىلەن بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار :
كەت ، ئىچ ، ئات ، ئۆگەن ، ئۆچۈر ، ئاڭلا
ئۈلگە :
ئاڭلا — ئاڭلىمايمەن — مەن سىنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان گەپلىرىڭنى ئاڭلىمايمەن .

17 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ھەربىر جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرىنى تېپىپ ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قايسى جەھەتلەردىن ماسلىشىپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار :

1 . مەن خەتنى چىرايلىق يازىمەن . 2 . بىز خەتنى چىرايلىق يازىمىز . 3 . سەن چۈشتىن كېيىنكى يىغىنغا كېچىكىپ قالما . 4 . سىز چۈشتىن كېيىنكى يىغىنغا كېچىكىپ قالماڭ . 5 . سىلەر چۈشتىن كېيىنكى يىغىنغا كېچىكىپ قالماڭلار . 6 . ئۇ تونۇگۈن كەلدى . 7 . ئۇلار تونۇگۈن كەلدى . 8 . ماھىرە گۈللەرگە سۇ قۇيدى .

شەخس قوشۇمچىلىرى جۈملىدە ئاساسەن ئىگە بىلەن خەۋەرنى شەخس ۋە سان جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ كېلىدۇ . شۇڭا ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاشتا ، شۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىگە قاراپ ، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇلاش كېرەك . مەسىلەن ، تۆۋەندىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن «ياز» دېگەن پېئىلغا شۇ جۈملىلەردىكى ئىگىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ، ئوخشاش بولمىغان شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان :
مەن گېزىتكە ماقالە يازدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز گېزىتكە ماقالە يازدۇق .
سىز گېزىتكە ماقالە يازدىڭىز .
سىلەر گېزىتكە ماقالە يازدىڭلار .
ئۇ ، گېزىتكە ماقالە يازدى .
ئۇلار گېزىتكە ماقالە يازدى .

جۈملىدە ئىگە قايسى شەخستە كەلسە خەۋەرگە شۇ شەخسنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ .

مەسىلەن :
مەن ئەتىگەن كەلدىم .
سەن ئەتىگەن كەلدىڭ .
ئۇ ئەتىگەن كەلدى .

جۈملىدە ئىگە بىرلىك ساندا كەلسە ، خەۋەرگىمۇ بىرلىك ساندىكى قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ ؛ ئىگە كۆپلۈك ساندا كەلسە ، خەۋەرگىمۇ كۆپلۈك ساندىكى قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ .

مەسىلەن :
مەن كىتاب ئوقۇدۇم .
بىز كىتاب ئوقۇدۇق .
سىز كىتاب ئوقۇدىڭىز .
سىلەر كىتاب ئوقۇدۇڭلار .
ئۇ كىتاب ئوقۇدى .
ئۇلار كىتاب ئوقۇدى .

| |
|---|
| لېكىن ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامانلارنىڭ ھەممىسىدە 3 ـ شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئوخشاش بولىدۇ. |

مەسىلەن:

ئۇ ئوقۇدى. ئۇلار ئوقۇدى.

ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇ ئوقۇيدۇ. ئۇلار ئوقۇيدۇ.

**18 ـ كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شۇ جۈملىدىكى ئىگىنىڭ قايسى شەخستە ئېيتىلغانلىقىغا قاراپ، شۇ شەخسنىڭ قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ يېزىڭلار:

1. سەن يېقىندىن بۇيان تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىسەن. 2. بىز دەرسكە ھەرگىز كېچىكمەيمىز. 3. ئۇلار ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. 4. سىز بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز. 5. مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. 6. سىلەر قاچان قايتىپ كېلىسىلەر. 7. ئۇ، دوسكىغا خەت يېزىۋاتىدۇ. 8. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى. 9. بۇ سوئالغا سەن جاۋاب بەرگىن. 10. سىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5 . سۈپەت پېئىل

بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «غان ، قان ، گەن ، كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان پېئىللار سۈپەت پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن :

ئوقۇغان ، يازغان ، قاتناشقان ، ئاشقان ، ئۆگەنگەن ، كىيگەن ، ئىچكەن ، كەتكەن

سۈپەت پېئىللارنىڭ ھەم پېئىللىق ، ھەم سۈپەتلىك خاراكتېرى بولىدۇ ، يەنى سۈپەت پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە ، شۇ جۈملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ ؛ ئەگەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلسە ، شۇ ئىسىملارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرۈپ ، سۈپەت ئورنىدا كېلىدۇ . سۈپەت پېئىللارنىڭ پېئىل ياكى سۈپەت ئورنىدا كەلگەنلىكىنى جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ پەرق ئېتىمىز . بىز تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، شۇ جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۈپەت پېئىللارنىڭ قانداق ياسالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىگە قاراپ باقايلى :

1 . بۇ كىتابنى مەن ئوقۇغان .

2 . ئۇ ئوقۇغان ئادەم .

3 . بۇ كىنونى مەن تونۇگۇن كۆرگەن .
4 . ئۇ كۆرگەن كىنولىرىنى سۆزلەپ بەردى .
5 . بۇ سۈرەتنى قاسىم تارتقان .
6 . تارتقان سۈرەتلەر چىقىپتىمۇ ؟
7 . بۇ كۆچەتلەرنى بىز تىككەن .
8 . تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆكلەپتۇ .

بۇ جۈملىلەردىكى «ئوقۇغان ، كۆرگەن ، تارتقان ، تىككەن» دېگەن سۈپەت پېئىللار «ئوقۇ ، كۆر ، تارت ، تىك» دېگەن بۇيرۇق پېئىللارغا «-غان ، -قان ، -گەن ، -كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان . بۇ سۈپەت پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە ، شۇ جۈملىلەردىكى ئىگىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ ، پېئىللىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ؛ ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ، شۇ ئىسىملارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ ، سۈپەتلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان . دېمەك ، بۇ سۈپەت پېئىللار ھەر خىل جۈملىلەردە ھەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن .

**19** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە سۈپەت پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . بىرلەشكەن ئوزار ، بىرلەشمىگەن توزار (ماقال ) .
2 . تونۇگۇن كىتاب ئالغان بالا بۈگۈن قايتۇرۇپ بەردى .
3 . مەيىن شامالدا لەپىلدىگەن قىزىل بايراق ئاستىدا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار سەيلىگە ماڭدى . 4 . بىز تونۇگۇن كۆرگەن كىنو ياخشى ئىكەن . 5 . ئىشلىگەن چىشلەيدۇ ، ئىش-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىمىگەن چىشلىمەيدۇ (ماقال) . 6 . قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەرنى تېپىڭلار . 7 . مۇئەللىمىنىڭ ئېيتقان گەپلىرى ئېسىڭدىمۇ؟ 8 . ئاۋۇ بالا مېنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان . 9 . مەن بۇ گەپنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان . 10 . بۇ ماشىنىلارنى ئىشچىلار ئىشلەپچىقارغان .

سۇپەت پېئىللارغا ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان سوئاللار بېرىلىدۇ . شۇڭا ، سۇپەت پېئىللارغا سوئال بېرىش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ .

مەسىلەن :

بۇ خەتنى ئالىيە يازغان . (ئالىيە نېمە قىلغان؟ — ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرگەن . )

ئاڭلىغان گەپلىرىڭنى ئېيتىپ بەرمەمسەن؟ (قانداق گەپلىرىڭنى؟ — سۈپەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن . )

> سۇپەت پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە «نېمە بولغان؟ نېمە قىلغان؟ ...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ .

مەسىلەن :

ھەدەم ئاخشام خەت يازغان . (نېمە قىلغان؟)

تۈنۈگۈن ئاخشام يامغۇر ياغقان . (نېمە بولغان؟)

ئۇلار چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن . (نېمە قىلغان؟)

سۇپەت پېئىللار ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ ئىسىملارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرسە، «قانداق؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇ ئوقۇغان بالا ئىكەن. (قانداق بالا؟)

ئۆتكەن ۋەقەلەرنى (قانداق ۋەقەلەرنى؟) سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق.

ئۆگەنگەن بىلىملەرنى (قانداق بىلىملەرنى؟) ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكرارلاپ تۇرۇش كېرەك.

سۇپەت پېئىللار بەزىدە ئىسىم ئورنىدىمۇ كېلىدۇ. سۇپەت پېئىللار ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە، «كىم؟ نېمە؟ كىملەر؟ نېمىلەر؟ كىمنى؟ نېمىنى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ كىمدىن؟ نېمىدىن؟ كىمگە؟ نېمىگە؟ كىمدە؟ نېمىدە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ.

مەسىلەن:

ئىشلىگەن (كىم؟) چىشلەيدۇ (ماقال).

مۇسابىقىگە قاتناشقانلار (كىملەر؟) قايتىپ كەپتۇ.

ئوقۇغاننى (نېمىنى؟) ئاڭلىدىڭمۇ؟

بۇ ئىشنى كەلگەنلەردىن (كىملەردىن؟) سوراپ باقايلى.

ئەمگەك قىلىۋاتقانلارغا (كىملەرگە؟) تاماق ئېلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇغانىنىڭ (نىمىنىڭ؟) پايدىسى كۆپ.

سۆپەت پېئىللار بولۇشسىز شەكىلدىمۇ كېلىدۇ. سۆپەت پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى بۇيرۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە «-غان، -قان، -گەن، -كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇمىغان، يازمىغان، ئۆگەنمىگەن، كۆرمىگەن، ئۇخلىمىغان، ئىشلەپچىقارمىغان، كەتمىگەن، ئاڭلىمىغان

**20 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى پېئىللارنى بولۇشلۇق سۆپەت پېئىللارغا، ئىككىنچى قاتاردىكى پېئىللارنى بولۇشسىز سۆپەت پېئىللارغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭلار:

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
|---|---|
| ئاچ — | ئۆگەن — |
| كەل — | ياز — |
| ئۇخلا — | بار — |
| ئولتۇر — | ئوقۇ — |
| كۆرسەت — | سېتىۋال — |
| ئىشلەپچىقار — | قاتناشتۇر — |
| تۈز — | كۆر — |
| ياسا — | سۈپۈر — |
| ئۆرلە — | تىرىش — |

**21 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا «-غان، -قان، -گەن، -كەن» قوشۇمچىلىـ

ـرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى قويۇپ ، كۆچۈرۈپ يې-
ـزىڭلار :

1 . كېچە ياغ...... قار يەر يۈزىنى تەكشى قاپلىدى .
2 . بۈگۈنكى يىغىندا سۆز قىل...... كىشى كىم ؟ 3 . سەن
ئەت...... تاماق بەكمۇ مەززىلىك ئىكەن . 4 . مۇئەللىم بەر......
تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ ؟ 5 . ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە
قوشۇلمى...... . 6 . ئاتىكەم ئەتىگەن مەكتەپكە كەت .... .
7 . سېنىڭ بەر...... جاۋابىڭ توغرا ئىكەن . 8 . بۇ مەسىلە-
ـنى مەن تۈنۈگۈن ئىشلەپ باق...... . 9 . ئورما ئورۇۋات......
دېھقانلارنىڭ جاراڭلىق ناخشا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .
10 . ئۆتكەن ھەپتە بىرىنچى گۇرۇپپا ئەمگەك قىل...... .

**22 ـ كۆنۈكمە**. تۆۋەندىكى سۈپەت پېئىللارنى خەۋەر
قىلىپ بىردىن جۈملە ، سۈپەت مەنىسىدە كەلتۈرۈپ يەنە
بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار :

قاتناشقان ، يازغان ، كۆرمىگەن ، ئىشلىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 6 . پېئىللارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

پېئىللار جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۆتكەن ھەرقانداق يىللاردىكىدىن بالدۇر باشلاندى .

چوڭ ـ كىچىك ئېرىقلاردا تاغ سۇلىرى تولۇپ ئاقتى .

غۇنچەم «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ سايلاندى .

بىز ئەتە چۈشتىن كېيىن ئېكسكۇرسىيىگە بارىمىز .

يامغۇر يېغىشقا باشلىدى .

ھال پېئىللار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ .

مەسىلەن :

زۆھرە ئالدىراپ (قانداق ؟ ) سۆزلىدى .

ئويناپ (قانداق ؟ ) سۆزلىسەڭمۇ ، ئويلاپ (قانداق ؟ ) سۆزلە .

بىز تىرىشىپ (قانداق ؟ ) ئۆگىنىۋاتىمىز .

ئۇلار يۈگۈرۈپ (قانداق ؟ ) كېلىۋاتىدۇ .

سۈپەت پېئىللار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ ، ئىسىم ئورنىدا قوللانغاندا ، ئىگە ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

بىلگەن (كىم؟ — ئىگە) بىلگىنىنى (نېمىسىنى؟ — تولدۇرغۇچى) دەر، بىلمىگەن (كىم؟ — ئىگە) نېمىسىنى دەر (ماقال).

ئوقۇغان (قانداق؟ — ئېنىقلىغۇچى) ئادەم تەدبىرلىك بولىدۇ.

كۆرگەندىن (كىمدىن؟ — تولدۇرغۇچى) سورا، ئاڭلىغاندىن (كىمدىن؟ — تولدۇرغۇچى) سورىما (ماقال).

كۆرۈنگەن (قانداق؟ — ئېنىقلىغۇچى) تاغ يىراق ئەمەس (ماقال).

23 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

دېكابىر ئېيىدا ھەممە ياقنى قار قاپلايدۇ. قار بورانلىرى ئۆزىنى ئۆينىڭ دېرىزىلىرىگە ئاپىرىپ ئۇرىدۇ. ئاچچىق سوغۇق يۈزگە زىختەك قادىلىدۇ.

ئەنە پايانسىز ئېتىزلارنى، باغلارنى قار قاپلىۋالغان. ئەتىگەنكى كۈننىڭ نۇرى قارنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرماقتا. قار پارچىلىرى ئويناپ ئۇچۇشلار! يەرگە مامۇق گىلەملەر يېپىڭلار!

يەرگە تېرىلغان ئۇرۇقلار قار ئاستىدا زىيانسىز تۇرۇۋېرىدۇ. باھاردا قار سۇلىرى يەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ھوسۇلنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھازىر ئۇرۇقلار تىنچ، راھەتلىنىپ ئۇخلىماقتا.

قار ياغقان كۆنلىرى ئوقۇغۇچىلار ئاڭلىق هالدا قورال-لىرىنى ئېلىپ ، مەكتەپكە ئەتىگەن كېلىپ قار تازىلايدۇ .

24 - كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ ، بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭلار . جۈملىلەردە ئايرىم - ئايرىم هالدا ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە هالەت بولۇپ كەلگەن پېئىللار بولسۇن .

## پېئىل توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

25 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، هال پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

جاڭگال ئىچىدىن ئىككى بالىسى بىلەن بىر ئېيىق چىقىپ كەلدى. بالىلىرى ئەركىلەپ ئانىسىغا ئېسىلىپ قوياتتى. ئېيىق ئۆستەڭنىڭ ياقىسىغا كېلىپ توختىدى. بىر بالىسىنى دۈمبىسىدىن چىشلەپ سۇغا پاتۇرغانىدى، ئېيىق بالىسى تېپىچەكلەپ كەتتى. لېكىن، ئانىسى ئۇنى قويۇۋەتمىدى. يەنە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۇغا چۆكۈرۈپ چىقىرىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىككىنچى بالىسى جاڭگالغا قاراپ قاچتى. ئانا ئېيىق ئۇنىمۇ تۇتۇۋېلىپ سۇغا چۆمۈلدۈردى.

26 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، سۈپەت پېئىللارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

ئۈستىگە گۈللۈك كۆك تاۋاردىن چاڭسەنزە، يۇتىغا خەي كىيگەن بۇ قىز ئارقىسىغا تۇتۇلغان قوللىرى بىلەن چېدىرنىڭ كەينى تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ يەرگە قاراپ ئۈن ـ تىنسىز تۇراتتى. ماڭلىيىدىن ئاققان قان چۈۋۈلغان چاچلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىرى ئارىسىدىن پارقىراپ كۆرۈنەتتى . بىر نۇقتىغا نەيزىدەك
تىكىلگەن كۆزلىرىدە چوڭقۇر خىيال ۋە دەھشەت ئوتى
ئەكس ئېتەتتى . ئۇ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە
ئۈستىدە جىددىي ئويلىناتتى . ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك قىسقا
پىكىرلەر بىلەن قايمۇققان ئويى كەينى - كەينىدىن كې-
لىپ ، ئىككى يولنىڭ ئۈستىدە توختايتتى : ئۇنىڭ بىرى —
ھايات يولى ، ئەمما بۇ يولغا خائىنلىق ، ۋىجدانسىزلىق ۋە
ئۇياتسىزلىق بىلەن ئۆتۈشى مۇمكىن ؛ بىرى — مامات يو-
لى ، لېكىن بۇ پارلاق ۋە شەرەپلىك يول ئىدى .

قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، چېدىرنىڭ تاشقىرىسىغا
كۆز تاشلىدى . بۇ چېدىرنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە
بىرنەچچە چېدىر بار ئىدى ؛ چېدىرلارنىڭ ئىچىدىن تەرتىپ-
سىز ئاۋازلار ۋە ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى . چېدىرلار-
نىڭ ئالدىدا ھەر تۈرلۈك مەشغۇلاتلار بىلەن بولۇۋاتقان تۆ-
مۈر قالپاقلىق ئەسكەرلەر كۆرۈندى . قارشى تەرەپتە تەخمى-
نەن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا ، يوپۇرماقلىرى سارغايغان
دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆيۈۋاتقان يېزا ، پۇرقۇپ ئاسمانغا
كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈنلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ يېزىدا ھا-
ياتتىن بەلگە كۆرۈنمەيدۇ .

27 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ياردەم-
چى پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . بۇ ھېكايىدىكى ۋەقە ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگى-
رى بولغانىكەن . 2 . ئۇلار ئاخىر بىر پايانسىز چۆلنىڭ
ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ . 3 . ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ ،

ئەتىسىلا ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. 4. ئالىمجان ئىلگىرى ئۆگىنىشتە ياخشى ئىدى. 5. ئۇ بىزنىڭ زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 6. بىز مەكتەپ بېغىدا ئەمگەك قىلدۇق. 7. بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى ئۇلار ئاڭلاپ قاپتۇ. 8. ئامىنە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا دەپ بەردى. 9. سەن بىرئاز دەم ئېلىپ تۇرغىن، مەن بىردەم ئەمگەك قىلاي. 10. قاسىم سېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن.

28 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇغاچ، 1 - شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، 2 - شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق، 3 - شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئۈچ سىزىق سىزىڭلار:

«تۈنۈگۈن ماڭا ئىت ئازابىنى سالدى. ئۇستامنىڭ بۆشۈكتىكى بالىسىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ، بىلمەستىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستام چېچىمدىن سۆرەپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ پوتا بىلەن راسا ئۇردى. يېقىندا ئۇستامنىڭ خوتۇنى مېنى سېلىيوتكا بېلىقنى تازىلاشقا بۇيرۇغانىدى. مەن بىلمەستىنلا ئۇنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن تازىلاشقا باشلاپتىمەن، بۇنى ئۇ كۆرۈپ قېلىپ، بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ، باش تەرىپى بىلەن مېنىڭ قۇلاق تۈۋىمگە تازا قويدى. شاگىرتلار مېنى زاڭلىق قىلىشىدۇ، ھاراق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مەيخانىلارغا ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇستامنىڭ تەرخەمەكلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئۇستام بولسا قولىغا نىمە چۇشسە شۇنىڭ بىلەن ئۇرىدۇ. تۇزۇككىنە تاماقمۇ يوق . ئەتىگەنلىكى قۇرۇق بولكا ، چۇشلۇكى بوتقا ، كەچقۇرۇنلۇقى يەنە بولكا بېرىدۇ . چاي بىلەن شورپىلارنى ئۇستاملارنىڭ ئۆزلىرىلا ئىچىدۇ . ئۇخلىغاندا مېنى دالاندا ياتقۇزىدۇ . ئۇلارنىڭ بالىلىرى يىغلىسا كېچىچە كۆز يۇمماستىن بۆشۈكنى تەۋرىتىپ چىقىمەن . جېنىم بوۋا ، ماڭا رەھىم قىل ، مېنى يېزىغا ئېلىپ كەتكىن ! بۇ يەردە تۇرۇشقا ھېچبىر تاقىتىم قالمىدى ! … ئاياغلىرىڭغا باش قويۇپ ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلىمەن ، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەت ، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمەن !… »

29 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇڭلار ، ئاندىن دەپتىرىڭلارغا بۇيرۇق پېئىل ، سۇپەت پېئىل ، ھال پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىللارنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

مەدەنىيەتلىك ئائىلىدە ئۆسكەن بالا ئەخلاقلىق بولىدۇ .

بىر كۈنى ، باغداد شەھىرىدىكى كوچىلارنىڭ بىرىدە بالىلار ئويۇن بىلەن مەشغۇل ئىدى . تۇيۇقسىز ، يۇرت چوڭلىرىدىن مويسىپىت بىر بوۋاي ئاتقا مىنىپ مۇشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قالدى . ئويناۋاتقان بالىلاردىن بىرى بۇ بوۋاينى كۆرۈپ يولنى بوشاتتى ھەمدە قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى . باشقا بالىلار بۇ مويسىپىتقا ئېتىبار قىلماي ئويناۋەردى ..

بوۋاي بۇ بالىنىڭ ئاقىلانە ھەرىكىتىدىن زوقلاندى . ئۇ قالغان بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ، قول-

ـدىكى ئۆزۈكنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ :
— ئاۋۇ ئۆزۈكنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار ، كىم ئېلىپ
بەرسە ، مەن شۇنىڭغا كىتاب ، دەپتەر ئالىدىغان پۇل بېرىد-
مەن ، — دېدى . باللار بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىرىشىپ
ئۆزۈككە يېپىشتى . شۇ ئارىدا بىر بالا چاققانلىق بىلەن
ئۆزۈكنى ئېلىپ بوۋايغا بەردى . بوۋايغا سالام بەرگەن ھېلى-
قى ئەدەپلىك بالا ئۆزۈكنى تالىشىۋاتقان باللارغا ئارىلاشمى-
دى . بوۋاي بۇ بالىغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى . بوۋاي ئۆزۈك-
نى يەنە شۇ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . بالا دەرھال ئۆزۈكنى
يەردىن ئېلىپ سۈرتۈپ تازىلىدى ـ دە ، بوۋايغا تەزىم قى-
لىپ تۇرۇپ بەردى . بوۋاي بۇ بالىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا
ئاپىرىن ئېيتتى ھەمدە ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە
سۆيۈپ قويدى . ئوغلىنى شۇنداق ئەدەپلىك قىلىپ تەربىيە-
لىگەن ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتتى . ئۇ يەنە باللارنى
يىغىپ ، ئۇلارغا : «ئەخلاقلىق بولۇڭلار ، ياخشى ئۆگىنىڭ-
لار» دەپ نەسىھەت قىلدى .
ئاخىرىدا يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ، ھېلىقى بالىغا بەر-
دى ـ دە :
— خەير بالام ، ئەمدى مەن كېتەي ، مانا بۇ پۇلغا
كىتاب ، دەپتەر ، قەلەم ئالغىن ، — دېدى .
**30** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە
ئاستى سىزىلغان پېئىللارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە
كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :
1 . ئەركىن سورىغان سوئالغا كىم جاۋاب بېرىدۇ ؟

2 . چۈشەنگەنلەر قول كۆتۈرۈڭلار . 3 . ماھىنۇر دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ . 4 . سەن كۆرگەننى مەنمۇ كۆرگەن . 5 . سەن بۇ ئىشنى ئاۋۇ ئولتۇرغان كىشىدىن سورا . 6 . سەن پارتىلارنى سۈرتۈپ تازىلىغىن . 7 . يالغان ئېيتقان تۇتۇلار ، راست ئېيتقان قۇتۇلار (ماقال) .

# 7 . رەۋىش

بىز ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇ جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق مەنە-لەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلايلى:

1 . بىز بۈگۈن پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق.

2 . ئۇلار ۋەزىپىنى تېز ئورۇنداپ بولدى.

3 . مەن سىلەرنى مەشەدە ساقلايمەن.

1 - جۈملىدىكى «بۈگۈن» دېگەن سۆز مۇسابىقىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقتىنى بىلدۈرگەن. 2 - جۈملىدىكى «تېز» دېگەن سۆز ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتىنى بىلدۈرگەن. 3 - جۈملىدىكى «مەشەدە» دېگەن سۆز ساقلاش ئورنىنى بىلدۈرگەن. بۇنداق سۆزلەر رەۋىش دېيىلىدۇ.

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ھالىتى ھەم ئورنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى رەۋىش دەيمىز.**

مەسىلەن:

ئەتە، كەچ، تۈنۈگۈن، ئاخشام، چاپسان، ئاستا، تۇ-يۇقسىز، ئالمان - تالمان، يۇقىرى، تۆۋەن، مەشە، ئى-چى، سىرتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىللارغا باغلىنىپ ، «قاندـ
داق؟ قاچان؟ قەيەرگە؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئالـ
لارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن كۆنۈكمىلەرنى چاپسان ئىشلىدى (قانداق ئىشلىدى؟) .

بۈگۈن ئۆتۈلگەن (قاچان ئۆتۈلگەن؟ ) دەرس چۈشىنىشلىك بولدى .

ئابلىز سىرتقا چىقىپ كەتتى (قەيەرگە چىقىپ كەتتى؟) .

رەۋىشلەر بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە قاراپ بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بىز بۇ دەرستە رەۋىشنىڭ ئۈچ تۈرى بىلەن تونۇشىمىز .

**1 . هالەت رەۋىشلىرى :** چاپسان ، ئاستا ، ئىلدام ، ئاران ، تېز ، تۇيۇقسىز ، ئالمان ـ تالمان ، ئوپۇل ـ توپۇل ، دەرهال ، ئۈزۈل ـ كېسىل ، قەتئىي ، ئەپچىللىك بىلەن ، قەهرىمانلارچە...

**هالەت رەۋىشلىرى ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش هالىتىنى بىلدۈرىدۇ . هالەت رەۋىشلىرىگە «قانداق؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ .**

مەسىلەن :

مەن قەتئىي (قانداق؟ ) تىرىشىپ ئۆگىنىمەن .

جەڭچىلەر دۈشمەنلەرگە قارشى قەهرىمانلارچە (قانداق؟ ) كۈرەش قىلدى .

بىز مەسىلىلەرنى ئۆزۈل - كېسىل (قانداق ؟ ) ھەل قىلدۇق .

بارات ئىتتىك (قانداق ؟ ) سۆزلەيدۇ .

2 . ۋاقىت رەۋىشلىرى : بۈگۈن ، كەچ ، كۈندۈز ، تۈنۈگۈن ، ئەتە ، بۇرۇن ، قەدىمكى ، ئاخشام ، ھازىر ، كېيىن ، چۈشتە ، ئەتىگەن ، كېلەر يىل ، مەڭگۈ…

> **ۋاقىت رەۋىشلىرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ . ۋاقىت رەۋىشلىرىگە «قاچان؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ .**

医风小节

مەسىلەن :

ئۇكام مەكتەپكە ئەتىگەن (قاچان ؟ ) كەتتى .

بىز بۇ يىل (قاچان ؟ ) ئوقۇش پۈتكۈزىمىز .

مەن ساڭا كېيىن (قاچان ؟ ) جاۋاب بېرەي .

3 . ئورۇن رەۋىشلىرى : يۇقىرى ، تۆۋەن ، بۇ يەر ، شۇ يەر ، سىرت ، ئىچى ، ئالدى ، كەينى ، ئۈستى …

> **ئورۇن رەۋىشلىرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ . ئورۇن رەۋىشلىرىگە «قەيەرگە؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ .**

مەسىلەن :

ئۇلار يۇقىرىغا (قەيەرگە ؟ ) چىقىپ كەتتى .

مەن بۇ يەردە (قەيەردە ؟ ) ئولتۇردۇم .

كىتابنى ئۈستىگە (قەيەرگە ؟ ) قويۇپ قويغىن .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

> ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشلىرىگە «قى، كى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما (ماقال).

بىز يۇقىرىقى مەھەللىگە باردۇق.

ئۇلار ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرىدۇ.

31 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە سوئال بېرىپ رەۋىشلەرنى تېپىڭلار:

1. بۇ يىل ئەتىياز بالدۇر كەلدى. 2. قارلار تېز ئېرىپ بولدى. 3. بۇغداي مايسىلىرى چاپسان ئۆستى. 4. بۇلتۇر تىككەن كۆچەتلەر كۆكەردى. 5. بىز يۇقىرىقى مەھەللىگە ئەمگەككە باردۇق. 6. ئۇلار دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. 7. ئۇ توپنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىپ ماڭدى. 8. ئۆمەر ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۈگەتمەكچى بولدى. 9. بىز دەرسخانىنىڭ ئىچىدە ۋارقىراشمايمىز. 10. مۇئەللىملەر مەكتەپكە ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىدۇ.

32 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شۇ رەۋىشلەرگە قارشى مەنىلىك رەۋىشلەرنى يېزىڭلار:

يىراق ——......، ئەتىگەن ——......، ئىلدام ——......،

چاپسان ——......، ئۈستى ——......، ئىچى ——......،

كېچە ——......، يۇقىرى ——......، ئالدى ——......،

ئىلگىرى — .......، نېرى — .......

33 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغاچ رەۋىشلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە قايسى سۆزلەرگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

1. بىزنىڭ مەكتەپ تۆۋەنكى مەھەللىدە. 2. تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق (تېپىشماق). 3. غەيرەت ئىتتىك سۆزلەيدۇ. 4. ئۇ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى. 5. بىز ئىشنى تېز ئىشلەپ، ۋەزىپىنى بالدۇر تۈگەتتۇق. 6. ئۇ تامىقىنى ئالمان ـ تالمان يېدى ـ دە، سومكىسىنى ئېلىپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. 7. مەن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەكتەپنىڭ كەينىدىكى مەيداندا يۈگۈرىمەن. 8. سۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ. 9. مەن يېتەرسىزلىكلىرىمنى قەتئىي تۈزىتىمەن. 10. سەن ئاخشامقى كىنونى كۆرگەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 8 . رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىلدىن بولغان خەۋەرنى ئىنقلاپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

بىز ھازىر كەلدۇق (قاچان كەلدىڭلار؟) .

زۆھرە خەتنى تېز يازىدۇ (قانداق يازىدۇ؟) .

ئۇلار تۈنۈگۈن سىرتتا مۇزاكىرە قىلغان (قاچان مۇزاكىرە قىلغان؟ قەيەردە مۇزاكىرە قىلغان؟) .

رەۋىشلەرگە «قى ، كى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلار پېئىللارغا باغلانماي، ئىسىملارغا باغلىنىپ ئىنىقلىغۇچى بولىدۇ .

مەسىلەن :

ئۇ بۇلتۇرقى ئىشلارنى ئەسلەپ قاپتۇ (قاچانقى ئىشلارنى؟) .

ئاستىنقى قەۋەتتە كىم ئولتۇرىدۇ (قايسى قەۋەتتە؟) .

سەن ئالدىنقى سوئالغا توغرا جاۋاب بەردىڭ (قايسى سوئالغا؟) .

كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن (قاچانقى پۇشايمان؟) .

> رەۋىشلەر ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە، ئىگە، خەۋەر ھەم تولدۇرغۇچى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بۇ مەكتەپنىڭ ئىچى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن (ئىچى — ئىگە).

بىز كۆچەت تىكىدىغان جاي — مەشە (مەشە — خەۋەر).

ئىشىكنىڭ سىرتىنى سىرلىماقچى بولدۇق (سىرتىنى — تولدۇرغۇچى).

**34 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، رەۋىشلەرنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

1. بۇ يىل مەكتىپىمىزگە يېڭىدىن ئىككى سىنىپ قوشۇلدى. 2. مەكتىپىمىز بۇ يىلقى ئوقۇش مەۋسۇمى ئۈچۈن نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىۋالدى. 3. رەيھانگۈل بۈگۈن مەكتەپكە بالدۇر كەلدى. 4. تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق (تېپىشماق). 5. مەن ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرىمەن. 6. دەرسخانىنىڭ ئىچىنى پاك - پاكىز تازىلاپ قويدۇق. 7. ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا (ماقال). 8. تۈنۈگۈن ئاخشام ئادىل بىلەن ئىككىمىز بىللە مۇزاكىرە قىلدۇق.

**35 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭلار ھەمدە ئۇ رەۋىشلەرنىڭ جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى جۈملە ئا-

خىرىغا يېزىپ كۆرسىتىڭلار :

ئەتە ، بۈلتۈر ، ئاخشام ، ئەتىگەنلىكى ، ئاستا ، يۇقىرى ، سىرتى ، قەھرىمانلارچە ، قەتئىي ، ئىچى

36 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ يېزىڭلار :

سەھەر ، ئالدى ، كۈن بويى ، يۇقىرى ، چاپسان ، ئىلدام ، هارماي ـ تالماي ، بۈگۈن ، كەچقۇرۇن ، نېرى ، مەشە ، ئاۋۋال ، مەڭگۈ ، تۆۋەن ، تۇيۇقسىز ، ئۇزۇل ـ كېسىل ، قەتئىي ، كېچە ، ئاخشام ، ئاستا ، بۈلتۈر ، ئەتە ، شۇ يەردە ، دائىم ، تاشقىرى ، ئۆگۈنلۈككە ، قەھرىمانلارچە ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ، هازىر ، بېرى ، چۈشتىن كېيىن

# 9 . ياردەمچى سۆزلەر

بىز ئالدىنقى يىللىقلاردا ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، ئالماش ، پېئىل ۋە رەۋىشلەرنى ئۆگىنىپ ئۆتكەندۇق . بۇ سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە سۆزلەر يەككە ھالدا تۇرغاندىمۇ ئادەم ۋە نەرسىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەت ، ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا مەلۇم بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ . مۇستەقىل ھالدا سوئاللارغا جاۋاب بولالايدۇ ھەم جۈملە بۆلىكى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ . تىلىمىزدا يەنە بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار . ئۇلار مۇستەقىل تۇرغاندا ، ئادەم ۋە نەرسىلەر ھەم ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت ، ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا بىرەر مەنە بىلدۈرمەيدۇ ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلەلمەيدۇ ھەم يەككە ھالدا جۈملە بۆلىكى بولۇپمۇ كېلەلمەيدۇ . ئۇلار پەقەت جۈملە بۆلەكلىرىنى ۋە قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئۆتەيدۇ . مەسىلەن :

1 . ماھىنۇر تۈنۈگۈن بىزگە ناخشا ئېيتىپ بەردى ھەم ئۇسسۇلمۇ ئويناپ بەردى .

2 . قادىر بىلەن بارات ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى .

3 . بىز ۋەتەن ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىمىز .

4 . ھاۋا تۇتۇلدى ، لېكىن قار ياغمىدى .

5 . ئۇ ھەر دائىم تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ، شۇڭلاشقا بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالدى .

بۇ جۈملىلەردىكى «ھەم ، بىلەن ، ئۇچۇن ، لېكىن ، شۇڭلاشقا» دېگەن سۆزلەر يەككە تۇرغاندا بىرەر مەنە بىلدۇرمەيدۇ ، بىرەر سوئالغا جاۋاب بولۇپمۇ كېلەلمەيدۇ . بۇ سۆزلەر پەقەت شۇ جۈملىلەردىكى سۆزلەر بىلەن سۆزلەرنى ، جۈملە بىلەن جۈملىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن . يەنى 1 - جۈملىدىكى «ھەم» دېگەن سۆز «ناخشا ئېيتىپ بەردى» دېگەن ئاددىي جۈملە بىلەن «ئۇسسۇلمۇ ئويناپ بەردى» دېگەن ئاددىي جۈملىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن ؛ 2 - جۈملىدىكى «بىلەن» دېگەن سۆز «قادىر» ۋە «بارات» دېگەن تەڭداش بۆلەكلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن ؛ 3 - جۈملىدىكى «ئۇچۇن» دېگەن سۆز «ۋەتەن» دېگەن سۆز بىلەن «ئۆگىنىمىز» دېگەن سۆزنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن ؛ 4 - جۈملىدىكى «لېكىن» دېگەن سۆز «ھاۋا تۇتۇلدى» دېگەن ئاددىي جۈملە بىلەن «يامغۇر ياغمىدى» دېگەن ئاددىي جۈملىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن ؛ 5 - جۈملىدىكى «شۇڭلاشقا» دېگەن سۆز «ئۇ ھەر دائىم تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ» دېگەن ئاددىي جۈملە بىلەن «بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالدى» دېگەن ئاددىي جۈملىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن . مانا مۇشۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ياردەمچى سۆزلەر دېيىلىدۇ .

جۈملىدىكى سۆزلەرنى ھەم قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغ ـ لاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز ـ لەر دەپ ئاتىلىدۇ .

ياردەمچى سۆزلەر مۇنۇلار : ۋە ، ھەم ، بىلەن ، ھەمدە ، يە ، ياكى ، لېكىن ، ئەمما ، بىراق ، يەنە ، چۈنكى ، ئۈچۈن ، شۇڭلاشقا ، ھەققىدە ، توغرۇلۇق ، بىر تەرەپتىن ... ۋە باشقىلار .

مەسىلەن :

بىز ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە ، ئەخلاقتا ۋە سالامەت ـ لىكتە ياخشى بولۇشىمىز لازىم .

سىنىپىمىزدىن ئەكرەم ، ئادىل ، شەرىپە ، ئايىنىسا ، رىزۋان ، پەرىدە ، راملە ھەم خانقىزلار ھەممە پەنلەردىن ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى .

مەن ئۇرۇمچىدىكى ئاكام بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم .

مەن ئۇ كىنونى كۆردۈم ، ئەمما ياخشى چۈشىنەلمە ـ دىم .

بۈگۈنكى يىغىندا يە سەن سۆزلە ، يە مەريەم سۆزلە ـ سۇن .

ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىپ كۆرسەتتى .

37 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز نۇرغۇن ئىشلاردا

مەشھۇر بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر . ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئالما ، ئانار ، ئەنجۈر ، ئۈزۈم ، ئۆرۈك ، نەشپۈت ۋە ياڭاق رايونىمىزدىلا ئەمەس ، بەلكى باشقا جايلاردىمۇ زوق بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ داڭلىق مېۋىلەرنى ھەمدە ئۇلارنى يېتىشتۈرگەن باغۋەنلەرنى ھەرقانچە ماختىسا ئەرزىيدۇ .

تۇرپاننىڭ ئۈزۈملىرى — ئاق سايۋا ، بىجاقى ، قىزىل سايۋا ، ئاق قاشقىر ۋە كىشمىش ؛ غۇلجىنىڭ مەنپەسى ، تاغىل ، ئاپورت ، لىمون ۋە سارىم ئالمىلىرى ؛ قەشقەرنىڭ ئەنجۈر بىلەن بېھىسى ؛ كورلىنىڭ نەشپۈت بىلەن ئامۇتى ؛ يەكەننىڭ ئانار بىلەن شاپتۇلى ؛ خوتەننىڭ ياڭىقى ؛ كۇچانىڭ ئۆرۈكلىرى شېرىن ھەم قۇۋۋەتلىك ئوزۇق بولۇپلا قالماي ، يەنە ئۇلار خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ، ئېسىل بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ مېۋىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىن باشقا يەرلەرگە ، ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ چىقىرىلىدۇ . ئۈزۈم ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ھەم چىلان قاتارلىقلار كۆزلۈكى قۇرۇتۇلىدۇ . قۇرۇتۇلغان بۇ مېۋىلەر سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى ۋە تەمىنىڭ شېرىنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە داڭلىق . بىز داۋاملىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىش ، ئۆستۈرۈش ھەم پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىمىز ، بۇنىڭ بىلەن مەكتىپىمىزنى ، مەھەللىمىزنى ، يېزىمىزنى ، ناھىيىمىزنى ، ئاپتونوم رايونىمىزنى تېخىمۇ ئاۋات ۋە باغۇبوستانلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم .

38 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار . ئاد-

دىن ياردەمچى سۆزلەرنى تېپىپ ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سۆزلەرنى ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى قانداق باغلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . كۈز كەلدى ھەم يوپۇرماقلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى . 2 . قىش ئېپى كىردى ، ئەمما ھاۋا سوغۇق بولۇپ كەتمەدى . 3 . بۈگۈنكى يىغىندا ئادىل بىلەن ئارزۇگۈل ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى . 4 . مەن مۇئەللىم بىلەن سەن توغرۇلۇق سۆزلەشتىم . 5 . ئابلەت ماڭا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەپتۇ . 6 . ھۆرنىسا «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالانغان ، شۇڭلاشقا ، ئۇ چوڭ يىغىندا مۇكاپاتلاندى . 7 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قويۇڭلار . 8 . بىز ئوقۇغۇچى ، شۇڭلاشقا تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك . 9 . بۈگۈن بىز ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا يىغىن ئاچىمىز .

39 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ياردەمچى سۆزلەرنى قويۇڭلار :

1 . خاسىيەت ...... ماھىنۇر مەكتەپكە كەتتى . 2 . قوڭغۇراق چېلىندى ...... دەرس باشلاندى . 3 . مەن ئالىم ...... بىر سىنىپتا ئوقۇيمەن . 4 . بۈگۈن ماتېماتىكا ، ئۇيغۇر تىلى ، ئەدەبىيات ...... تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى . 5 . بۈگۈن مەكتەپ مۇدىرى ئىنتىزامى ...... دوكلات بەردى . 6 . ئوقۇتقۇچى دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرگەنلىكى ...... ،

ئوقۇغۇچىلار كۆنۈكمىلەرنى تېز ...... توغرا ئىشلەپ چىقـ
تى . 7 . ئاي يورۇتىدۇ ، ...... ئىسسىتمايدۇ . 8 . ئەھۋالـ
دىن قارىغاندا ، بۈگۈن ...... شامال چىقىدۇ ، ...... يامغۇر
ياغىدۇ . 9 . مارىيە ئاغرىپ قاپتۇ ، ...... بۈگۈن مەكتەپكە
كېلەلمىدى .

40 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ياردەمچى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار :

ھەققىدە ، بىلەن ، بىراق ، چۈنكى ، شۇڭلاشقا ، يا ، يا ، ئۈچۈن

# 10 . تەقلىد سۆزلەر

تىلىمىزدا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ خىلمۇخىل ئاۋازلىرىغا ۋە كۆرۈنۈش ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرمۇ بار . بۇنداق سۆزلەر شۇ خىل ئاۋاز ۋە ھالەتلەرنىڭ ئەينەن ئۆزى بولمىسىمۇ ، ئەمما شۇ ئاۋاز ۋە ھالەتلەرنى دوراپ ئېيتىلغان تەقلىدىي سۆزلەردۇر . مەسىلەن :

1 . ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى .

2 . كىشىلەرنىڭ قار ئۈستىدە ماڭغان ئاياغ ئاۋازلىرى غاچ ـ غاچ قىلىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

3 . كوچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ئەمدىلا توختىدى .

4 . چاقماقلار يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقماقتا ئىدى .

5 . ئۇ سوغۇقتا غال ـ غال تىترەيتتى .

ئالدىنقى ئۈچ جۈملىدىكى «غىچ ، غاچ ـ غاچ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ» دېگەن سۆزلەر ئىشىكنىڭ ئېچىلغان چاغدىكى ، كىشىلەرنىڭ قار ئۈستىدە ماڭغان چاغدىكى ھەم كىشىلەرنىڭ كوچىدا سىلىشقان پاراڭ ئاۋازلىرىغا تەقلىد قىلىنغان ؛ كېيىنكى ئىككى جۈملىدىكى «يالت ـ يۇلت ، غال ـ غال» دېگەن سۆزلەر چاقماقنىڭ چېقىلغان چاغدىكى كۆرۈنۈشى ھەم كىشىلەرنىڭ تىترەش ھالىتىگە تەقلىد قىلىپ ئېيتىلغان . بۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا تەقلىد سۆزلەر دېيىلىدۇ .

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى- نىڭ ھەر خىل ئاۋاز ۋە ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەرنى تەقلىد سۆزلەر دەيمىز .

مەسىلەن :

چىپ - چىپ ، شار - شۇر ، قاراس - قۇرۇس ، گاژ - گۇژ ، جاراڭ - جۇرۇڭ ، گۇلدۇر - گۇمباڭ ، پىل - پىل ، لەپ - لەپ ، غىل - پال ، پار- پۇر ، لىپ - لىپ

تەقلىد سۆزلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى ۋە ھالەت تەق- لىدلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .
ئاۋاز تەقلىدلىرى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەم تە- بىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرىغا تەقلىد قىلىپ ئېيتىلىدۇ .
ھالەت تەقلىدلىرى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىگە تەق- لىد قىلىپ ئېيتىلىدۇ .

مەسىلەن :

چىنىلەر جاراڭ - جۇرۇڭ (ئاۋاز تەقلىد ) قىلىپ چېقىلىپ كەتتى .

ئۇنىڭ يۈرىكى دۈك - دۈك (ئاۋاز تەقلىد ) قىلىپ سوقۇشقا باشلىدى .

كۆزۈمگە بىر نەرسە غىل - پال (ھالەت تەقلىد ) كۆرۈنۈپ قالدى .

زال ئىچىدىكى چىراغلار ۋال - ۋۇل (ھالەت تەقلىد )

قىلىپ چاقنايتتى .

> تەقلىد سۆزلەر قۇرۇلۇش جەھەتتىن كۆپىنچە جۈپ سۆزلەر شەكلىدە بولىدۇ . مۇنداق تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇپ يېزىلىدۇ .

مەسىلەن :

مىنالار گۈم - گۈم قىلىپ پارتلاش بىلەن تەڭلا ، دۈشمەنلەر يەر چىشلىدى .

دۈڭ سۇنرۇي دۈشمەن پوتەيىگە قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندا ، ئوقلار ئۇنىڭ بېشىدىن ۋىژ - ۋىژ قىلىپ ئۆتۈپ ، تاشلارغا پاس - پاس تېگەتتى .

قار لەپ - لەپ قىلىپ يېغىۋاتاتتى .

41 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، تەقلىد سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ تەقلىد سۆزلەرنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . ئۇنىڭ ئىمىر - چىمىر خەتلىرىنى ئوقۇيالمىدىم . 2 . قارلىغاچلارنىڭ ۋىچىر - ۋىچىر سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . 3 . ماشىنا گۈر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . 4 . ئۇ غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتتى . 5 . «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۆرىلەر تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى . 6 . يامغۇر شار - شۇر قۇيۇۋەتتى . 7 . يىراقتىن پىل - پىل قىلىپ يانغان چىراغلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . 8 . ئۇلار پىچىر - پىچىر قىلىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى . 9 . كېمە سۇ ئۈستىدە لەپەڭ - لەپەڭ قىلىپ تەۋرىنىشكە

باشلىدى . 10 . دەرەخ بوراندا قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ سۇنۇپ كەتتى .

42 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى تەقلىد سۆزلەرنى تۈرى بويىچە ئايرىپ كۆچۈرۈڭلار :

تاراق ـ تۇرۇق ، ۋال ـ ۋۇل ، شار ـ شۇر ، گۇلدۇر ـ غاراس ، شىر ـ شىر ، پار ـ پۇر ، پاك ـ پۇك ، گاژ ـ گۇژ ، پاژ ـ پۇژ ، جىرىك ـ جىرىك ، لەپ ـ لەپ ، پىل ـ پىل ، لىپ ـ لىپ ، جاراك ـ جۇرۇك ، شىلدىر ـ شىلدىر ، غىل ـ پال ، ئىمىر ـ چىمىر ، گۇر ـ گۇر ، ۋىژ ـ ۋىژ ، چىپ ـ چىپ

43 ـ كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار تەقلىد سۆزلەردىن بىرقانچىنى تېپىپ ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار .

# 11 . ئىملىق سۆزلەر

تىلىمىزدىكى تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلارنى (خۇ-
شاللىنىش ، زوقلىنىش ، ھەيران قېلىش ، ماختىنىش ،
پۇشايمان قىلىش ، زېرىكىش ، زاڭلىق قىلىش ... )
بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىملىق سۆزلەر دەيمىز .

مەسىلەن :

ئېھ ، بۇ نېمىدېگەن چەكسىز كەتكەن گۈزەل يايلاق ـ
ھە (زوقلىنىش ) !

پاھ ـ پاھ ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەتلىكلىكىگە قارا
(زوقلىنىش ، ھەيران قېلىش ) !

بارىكاللا ، سېنى ئوقۇتقان ئۇستازىڭغا (خۇشاللىنىش ) !

ئاپلا ، بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا دېمىسەم بوپتىكەن (پۇشاي-
مان ) !

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئېھ ، پاھ ـ پاھ ، بارىكاللا ،
ئاپلا» دېگەن سۆزلەر ئىملىق سۆزلەردۇر .

ئىملىق سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سۆزلەردىن ئېيتى-
لىش ئاھاڭى بىلەن پەرقلىنىدۇ .

مەسىلەن :

ۋاي ـ ۋۇي ، ئاشلىقلارنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى قاراڭ-
لار !

پاھ ، بۇ گۈللەرنىڭ چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراڭلار !

| |
|---|
| بەزى ئىملىق سۆزلەر بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلار باشقا سۆزلەردىن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پەش قويۇلىدۇ. |

مەسىلەن :

ۋاھ ، نېمىدېگەن سالقىن شامال ـ ھە !

ھوي ، قاچان كېلىپ قالدىڭ ؟ !

| |
|---|
| بەزى ئىملىق سۆزلەر بىردىن ئارتۇق سۆزلەردىن تۈزۈلۈپ ، قوش ئىملىق ھالىتىدە كېلىدۇ. يازغاندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. |

مەسىلەن :

ۋاي ـ ۋۇي ، مەن بىلمەيدىغاندەك يوشۇرۇپ كەتكىنىنى قارا !

| |
|---|
| ئەگەر ئىملىق سۆزلەر ھېس ـ تۇيغۇنى بىلدۈرۈپ كۈچلۈك ئېيتىلسا ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. |

مەسىلەن :

ئېھ ! مەكتەپ ھاياتى نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك .

بارىكاللا ! سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلارغا .

44 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . هوي ، خاسىيەت قايتىپ كەپتۇ ـ ھە ؟ ! 2 . ۋاي ـ ۋۇي ، ئۇنى خويمۇ كۇتتۇق ـ ھە . 3 . خەپ ، بۇ قېتىم ئۆزۈم بىر بېرىپ كەلمىسەم . 4 . هاي ، ئارقاڭغا قايت ! 5 . ئۇھ ، ئەجەب چارچىدى كىشى . 6 . بەللى يارايسىلەر ، بۇ ئىشنى ياخشى قىلدىڭلار ! 7 . بارىكاللا ! سىنىڭ ئەقىل ـ پەمىڭگە . 8 . پاھ ، زەپمۇ ئوخشىغان قوناق ئىكەن ! 9 . ئىسىت ، سىنىڭ هالىڭغا ! 10 . ئوهوي ، قارا ئۇنىڭ باتۇرلۇ ـ قىغا .

45 ـ كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ ، ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە جۈملە يېزىڭلار ھەمدە ئۇلار ـ نىڭ تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىڭلار .

ئوهوي ، سەن ناماناما بىتىپ قىلدىڭ !
ئۇھ ، كۆزۈمنىڭ ياغلىرى ،
چاي ـ چاي دېگىنىڭلار دەيمىز ، چاي تازىلىنىپتۇ ،
ۋاي ـ ۋۇي ! ئەجەبمۇ ئاسان ئىكەن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رەۋىش، ياردەمچى سۆز، تەقلىد سۆز ۋە ئىملىق سۆزلەر توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

**46** - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، رەۋىشلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

1. ئاۋۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە (ماقال). 2. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىسىڭىز، ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆرىسىز. 3. مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى يولنىڭ ئىككى يېنىغا تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆكلەپتۇ. 4. ئۆتكەن يىلى ئۇلىغان كۆچەت ئۇلاقلار بۇ يىل چېچەكلىدى. 5. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ماڭا بەكمۇ تېز تۇيۇلدى. 6. ساۋاقداشلار، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە چۈشۈشتە دىققەت قىلىپ، ئاستا مېڭىڭلار. 7. ئەتە يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ. 8. پارتىلارنىڭ ئاستىلىرىنى ياخشى سۈپۈرمەپسىلەرغۇ؟ 9. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باتۇرلارچە ئالغا باسايلى. 10. بىز چۈشتىن كېيىن ئەمگەك قىلىمىز.

**47** - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان رەۋىشلەرنىڭ جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

1. سىلەر تېز بېرىپ، تېز كېلىڭلار، بىز سىلەرنى

مەشەدە ساقلاپ تۇرىمىز . 2 . مەكتەپنىڭ ئىچى بەكمۇ جىمجىت ئىدى . 3 . دەرستىن كېيىنكى تەكرار ئۆگەنگەن بىلىملەرنى مۇستەھكەملەيدۇ . 4 . تونۇگۇن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى بۈگۈن ئورۇندامسىلەر ؟ 5 . ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىنى بىرىنچى گورۇپپا تازىلايدۇ . 6 . مەكتەپنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشاشلا ئىنتىزامغا ئائىلىق رىئايە قىلىش كېرەك . 7 . بۇ يىلقى ھاۋا ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئىسسىقراق بولدى . 8 . مېنىڭ سەۋيەم تۆۋەن . 9 . يىغىننىڭ ۋاقتى ئەتىگەن چۈشتىن كېيىن . 10 . يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك .

48 ـ كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ ، رەۋىشنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن بەشتىن يېزىپ كېلىڭلار .

49 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ياردەمچى سۆزلەرنى تېپىڭلار :

1 . كىتاب — ياشلارنىڭ قەدىرلىك ئۇلپىتى ۋە ئۇستازى . 2 . بىز ئۇلۇغۋار غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم . 3 . ئەركىن بىلەن ئالىيە ئۆگىنىشتە مۇسابىقىلەشمەكچى بوپتۇ . 4 . مەن قادىرغا خەۋەر قىلالمىغان ، شۇڭا ئۇ بۈگۈن كېلەلمىدى . 5 . سەن ئۇنىڭغا ناماقۇل بولۇشۇڭ كېرەك ، چۈنكى خاتالىق سەندە . 6 . بۈگۈن مەكتەپتە ئىتتىپاقلىق ھەققىدە دوكلات بولىدىكەن . 7 . بۇ باغنىڭ مېۋىسى تاتلىق ھەم سۇلۇق . 8 . بارساڭ بېرىپ كەلگىن ، ئەمما كېچىكىپ قالما . 9 . بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىدا ساۋاقداشلار مەكتەپكە قارىتا نۇرغۇن پىكىر-

لەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى .

50 ـ كۆنۈكمە . «ھەم ، بىلەن ، ئەمما ، چۈنكى ، شۇ-نىڭ ئۈچۈن» دېگەن ياردەمچى سۆزلەرنى قوللىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

51 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، تەقلىد سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئاۋاز تەقلىدلىرىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، ھالەت تەقلىدلىرىنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سى-زىڭلار :

1 . «گۈمبۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، دۈشمەن پوتىيى غۇلىدى . 2 . ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ-لار تېخىچە توختىمىغانىدى . 3 . سېنىڭ بۇنداق قىڭغىر ـ قىيسىق خەتلىرىڭنى قانداقمۇ راۋان ئوقۇغىلى بولسۇن ؟ 4 . مېنىڭ كۆزۈمگە ئىمىر ـ چىمىر بىر نەرسىلەر كۆرۈ-نۈپ كەتتى . 5 . بىر كىشى ئىشىكنى «تاك ـ تاك» قىلىپ چەكتى . 6 . زال ئىچىدىكى ھەر خىل چىراغلار ۋال ـ ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىتاتتى . 7 . ئۇ ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاندا ، ئايىغىدىن غاچ ـ غاچ قىلغان ئاۋاز چىقاتتى . 8 . ئۇ يېقىن-دىن بۇيان ئېلەڭ ـ سەلەڭ يولۇپ قالغانىدى . 9 . بۇ ئىككى سىمنى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزسەڭ ، چاراس ـ چاراس قىلىپ ئوت چىقىدىكەن .

52 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئىم-لىق سۆزلەرنى تېپىڭلار :

1 . ياھ ، بۇ رەسىم نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە ! 2 . ئوھوي ئۇكام ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش قىلىپسەن جۇمۇ ! 3 . ئاپلا ،

بۇ ئىشنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن ! 4 . خەپ توختا ، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم ! 5 . ئىھ ۋەتەن ، سەن شۇنچە يېقىملىق ، شۇنچە مېھرىبانسەن ! 6 . ۋاي - ۋۇي ، كىشىنى ئەجەبمۇ زېرىكتۇرۇۋەتتىڭغۇ ! 7 . ھوي ، سېنىڭچە بىز ھېچنەرسە بىلمەيدىكەنمىز - دە ! 8 . ۋايجان ! ئادەمنى نېمانچە قورقۇتىسەن .

53 - كۆنۈكمە . «بارىكاللا ، پاھ - پاھ ، ئىسىت ، ئىھ ، ھەتتىگىنەي» دېگەن ئىملىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

بارىكاللا ! بارىكاللا نىجارايسەن .

پاھ - پاھ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 12 . ئاددىي جۈملە

جۈملىلەر ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

مەسىلەن :

مۇئەللىم دەرسنى ياخشى چۈشەندۈردى .

مەن بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرسنى ياخشى چۈشىنىۋالدىم .

بىز ئەتە كىنو كۆرىمىز .

بۇ يىل بىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزىمىز .

بۇ جۈملىلەرنىڭ ھەربىرى پەقەت ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى بىلدۈرگەن .

> **مەزمۇن جەھەتتىن پەقەت ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى ئاڭلاتقان جۈملىلەر ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .**

مەن بۈگۈنكى گېزىتنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم .

سىز قانداق كىتابلارنى ئالدىڭىز ؟

بىز ئەتە سىنىپ يىغىنى ئاچىمىز .

يۇقىرىقى جۈملىلەرمۇ ئاددىي جۈملىلەردۇر .

54 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاددىي جۈملىلەر ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇڭلار :

بىز نىفىتچىلار ئەتىدىن - كەچكىچە پولات - تۆمۈر

بىلەن ھەپىلىشىمىز .

بىزنىڭ سۆزىمىز پولاتتىن قاتتىق بولۇشى كېرەك .

قودۇقلار مېنى كۈتۈۋاتىدۇ .

دۇيجاڭ ئۇنىڭغا يول بەردى .

ھارۋا ئېگىز - پەس ، ئەگرى - توقاي يولدا يەنە يەڭگىل مېڭىپ كەتتى .

دۇيجاڭ ۋە ئىشچىلار يىراقلاپ كېتىۋاتقان مۇسا تاغا بىلەن ئايشەمخان ئاچىنىڭ كەينىدىن چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ قېلىشتى .

«ھەممىمىز دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى ، — دۇيجاڭ مۇسا تاغىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى ، — قودۇقلار بىزنى كۈتمەكتە . ۋەتەن بىزنى چاقىرماقتا !...»

55 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، ئاددىي جۈملىلەرنى تېپىڭلار :

ھاۋا تىنچىق ۋە دىمىق بولۇشقا باشلىدى . كۈن بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇندى . جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىشقا باشلىدى . جاڭگاللار ، دەرەخلەر ۋە كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسى غەيرىي رەڭگە كىردى . كۈنپېتىش تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇت كۆتۈرۈلدى . ئۇ چاپسانلىق بىلەن جاڭگاللىق ۋە يېزىنى بېسىپ كەلمەكتە .

تەبىئەتتە ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن زېرىكتى . كالىلار بېشىنى ئىچىگە تىقسا ، ئاتلار قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ ، بۇرۇنلىرىنى كېرىپ ، يايلىلىرىنى تىترىتىپ پۇرقۇشاتتى . ئۇلارنىڭ توزۇتقان توپىلىرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەي ، ئېغىر

قوْمغا ئوخشاش چاقلار تىگىگە چىچىلاتتى .

دەھشەتلىك بوْلوْت يىغىنلاشماقتا . ئوْزاق ئوْتمەي يىراقتىن گوْلدوْرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى . گويا ھەممە ئادەتتىن تاشقىرى بىر نىمىنى كوْتكەندەك جىمجىت بولدى . كوْن ئوچۇق ۋاقىتتا ئوْچۇپ ئوينىغان قوْشلار قاياقلارغىدوْر يوقالدى . كوكاتلار ئارىسىدىكى قوڭغوْز ۋە چىكەتكىلەر جىمىپ كەتتى . دەرەخلەر ئىرغاڭلاشتىن توختىدى .

يىزىدىكى ئادەملەر كىرەكلىك نەرسىلەرنى ئوْز ۋاقتىدا يىغىشتوْرۇۋىلىشقا تىرىشاتتى . بىرنەچچە مىنوْتلوْق جىمجىتلىق باشلاندى .

**56** - كوْنوْكمە . توْۋەندىكى شىئىرنى ئوقوْپ ، ئوْنىڭدىكى ئاددىي جوْملىلەرنى ئادەتتىكى جوْملە شەكلى بويىچە يىزىپ چىقىڭلار :

### تەتىل پىلانى

نەتىجىلىك توْگەتتىم
بىر مەۋسوْملوْق ئوقوْشنى .
ئوْيگە كىلىپ توْزدوْمەن
يازلىق تەتىل پىلاننى .

تەكرارلايمەن دەرسنى
ۋاقىتلارنى چىڭ توْتوْپ .
ئوْي ئىشىنى قىلىمەن
ئوْتوْن يىرىپ ، سوْ توشوْپ .

تاڭ سەھەردە ھەر كۈنى
قوي ـ قوزىلارنى باقىمەن .
ئىش ـ ئەمگەكتە چېنىقىپ ،
ساغلام بەدەن بولىمەن .

ئورۇندايمەن پىلاننى
كىچىكتۈرمەي كەينىگە .
چوقۇم ئەمەل قىلىمەن
ئۆزۈم قىلغان ۋەدىگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 13 . قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

57 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغلار ھەمدە ئۇ جۈملىلەردە قانداق ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ئاڭلىتىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

1 . يامغۇر توختىدى ، لېكىن ھاۋا ئېچىلمىدى .

2 . ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى ـ دە ، دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى .

3 . بىز تۈنۈگۈن مەكتەپتىن كەچرەك قايتتۇق ، چۈنكى ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەنىدى .

1 ـ جۈملە ئىككى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن . بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئوي ـ پىكىرنى ، يەنى يامغۇرنىڭ توختىغانلىقى ، ھاۋانىڭ ئېچىلمىغانلىقىنى ئاڭلاتقان ؛ 2 ـ جۈملە ئىككى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلۈپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئورۇندالغان ئىككى ئوي ـ پىكىرنى ، يەنى ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپقا كىرگەنلىكى ۋە دەرس ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاتقان ؛ 3 ـ جۈملىمۇ ئىككى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلۈپ ، سەۋەب ـ نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ئوي ـ پىكىرنى ، يەنى مەكتەپتىن كەچ قايتقانلىقى ھەم ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاتقان . بۇنداق جۈملىلەر قوشما جۈملە دېيىلىدۇ .

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى قوشما جۈملە دەيمىز.**

مەسىلەن:

قاسىم تۈنۈگۈن مۇزاكىرە قىلمىغانلىقتىن، مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا توغرا جاۋاب بېرەلمىدى (ئىككى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن).

ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، لېكىن بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق (ئىككى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن).

ئىككىمىز دەرس تەكرارلاۋاتقاندا، مۇئەللىم كەلگەندى، ئەمما تېزلا كېتىپ قالدى (ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن).

**قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر ـ بىرىدىن پەش (،) ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن:

ئۇلار خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقتىن، بىز ئۇلارنى قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدۇق.

ئۇ چېنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ كەتتى.

ھاۋا ئىسسىپ، يەرلەر كۆكىرىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر تولاراق «ھەم، ۋە، لېكىن، بىراق، شۇڭلاشقا، ئۈچۈن، بىلەن» دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىلەن، شۇنىڭدەك «-دا، -دە، -تا، -تە، -سا، -سە، -دەك، -تەك، -غىچە، -گىچە، -لىقتىن، -لىكتىن، -پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ»قا ئوخشاش قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر- بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن بۈگۈن ئورنۇمدىن ئەتىگەن تۇردۇم ھەم يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ بولۇپ، دەرسلىرىمنى تەكرارلىدىم.

كەچ كىرىپ قالدى، لېكىن ئۇلار ئىشتىن قايتمىدى.

رەيھانگۈل بۈگۈن ماقالە يېزىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىكەن، شۇڭلاشقا دەرسكە كېلەلمىدى.

تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولمىغۇچە، سىنىڭ بىلەن سىرتقا چىقالمايمەن.

ئۇلار كەلگەندە، بىللە مۇزاكىرە قىلىمىز.

يامغۇر ياغمىسا، بىز كۆچەت تىككىلى بارىمىز.

ئۇ ئەلا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ يىغىندا مۇكاپاتلاندى.

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «ۋە، ھەم، ياكى» باغلىغۇچىلىرى بىلەن باغلىنىپ كەلسە، ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلمايدۇ.

مەسىلەن:

تۇرسۇن ئىشخانىغا كىردى ھەم قولىدىكى تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە رەتلىك قويدى.

ئۇ ئەدەپ بىلەن ئۈستەل ئالدىغا كەلدى ۋە قولىدىكى ئىلتىماسىنى ئوقۇتقۇچىغا سۇندى.

بىز تۈنۈگۈن تەنتەربىيە مەيدانىنى تۈزلىدۇق ھەم توپ ئوينىدۇق.

بىز ئەتە پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز ياكى كۆرگەزمىگە بارىمىز.

ئەگەر قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «ۋە، ھەم، ياكى» باغلىغۇچىلىرىدىن باشقا باغلىغۇچىلار ۋە قوشۇمچىلار بىلەن باغلىنىپ كەلسە، ئۇلاردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، مەسىلىنى توغرا يېشەلىدى.

ئازاد كىتابنى قولىغا ئېلىش بىلەنلا، شارىلداپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ھاۋا شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلىدىكى، گويا يەر سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۈگۈن يامغۇر ياغقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم دەرسكە كېچىكمىدى.

58 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاددىي ياكى قوشما جۈملە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىڭلار:

بىز ھەر يەر - ھەر يەردىن كېلىپ، ئورتاق ئىنقىلابىي نىشان ئۈچۈن توپلاندۇق. بىز يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى زور كۆپچىلىك خەلق بىلەن بىللە مۇشۇ يولدا ماڭىمىز. بىز بۈگۈنكى كۈندە 91 مىليون ئاھالىگە ئىگە بازىلارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتىمىز، لېكىن بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. يولداشلىرىمىز قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇتۇقلارنى كۆرۈشى كېرەك، يورۇقلۇقنى كۆرۈشى كېرەك، غەيرىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو خەلقى ئازاب چېكىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار، بىز تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. كۈرەش قىلىدىكەنمىز، قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ، ئادەم ئۆلۈش ئىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، بىز خەلق مەنپەئەتىنى ئويلىغىنىمىزدا، زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا، خەلق ئۈچۈن ئۆلسەك، ئورۇنلۇق ئۆلگەن بولىمىز. شۇنداقتىمۇ تېگىشلىك بولمىغان قۇربان بېرىشلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ھەربىر جەڭچىگە غەمخورلۇق قىلىشى لازىم.

ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى بارلىق كىشىلەر بىر - بىرىگە غەم-
خورلۇق قىلىشى، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، بىر - بىرىگە
ياردەم بېرىشى لازىم.

59 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى قوشما جۈملىلەرنى ئوقۇغۇلار
ھەمدە ھەربىرىنىڭ قانچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەنلىكى-
نى، بىر - بىرى بىلەن قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى
ئېيتىپ بېرىڭلار:

1. مەن ئوغلۇمنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈۋې-
لىشى ئۈچۈن، ئۇنى تېخىمۇ مەنزىرىلىك جايلارغا باشلاپ
باردىم. 2. ئوچۇق ئاسمان سارغۇچ تۈسكە كىرىپ، بىر-
دىنلا شامال چىقىشقا باشلىدى. 3. ۋانكا ئالدىدا يېنىپ
تۇرغان شامنىڭ شولىسى غىل - پال چۈشۈپ تۇرغان قاراڭ-
غۇ دېرىزىگە قارىدى ۋە بوۋىسى كونستانتىن ماكارىچنىڭ
قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. 4. راسا پىشىپ مەي
باغلاپ كەتكەن ياۋا ئالمىلارنى كۆرۈپ، تېيىن بەكمۇ خۇ-
شال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە لىككىدە سەكرەپ ئالما دەرىخى
ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ-دە، ھۇزۇرلىنىپ ئالما يېيىشكە باش-
لاپتۇ. 5. ئاكا، ياخشىلىقچە مېنى بىللە ئاپارغىن، بولمى-
سا بەربىر ئارقاڭدىن ئەگىشىپ بارىمەن، پالاقلىرىڭنى
ئېلىپ قاچىمەن. 6. ئاخىر بارات ئاكا ئۇ كىشىنى ياتاققا
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن ئارقىسىغا
قايتتى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ سوم-
كىسىنى كۆتۈرۈۋالدى - دە، ئۈچەيلەن مېھمانخانىغا قاراپ
ماڭدى. 7. ئابدۇرېھىملارنىڭ يېزىسىدا 25 مولۇق بىر باغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، باغۋەن مۇسا تاغا ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ باغدا ئىشلەپ ، باغنىڭ ئالاھ يەرلىرىگە كۆچەت قويۇپ ، مېۋىسى ناچارلىرىغا ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى ئۇلاپ ، بۇ باغنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى .

**60** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ قوشما جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ھەم تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىڭلار :

1 . سائادەت كىنوغا كەتتى . مەن بارمىدىم . 2 . بىز مەھەللىمىزدىكى قېرى ئايال ئايشەمخان چوڭ ئانىمىزنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىمىز . دەرستىن چۈشتۇق . ئاي-شەمخان چوڭ ئانىنىڭ ئۆيىگە باردۇق . 3 . تاڭ يورۇدى . دېھقانلار ئېتىزغا قاراپ ماڭدى . 4 . كۈن ئولتۇردى . بىز شەھەرگە يېتىپ باردۇق . 5 . مەن ئەركىن بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلىمەن . مەن ئەركىننىڭ ئۆيىگە باردىم . ئەر-كىن ئۆيدە يوق ئىكەن . 6 . ئامىنە بۇ گەپنى ئاڭلىدى . ئامىنەنىڭ ئاچچىقى تازا كەلدى . 7 . ئۇلار تۈنۈگۈن چۈش-تىن كېيىن مۇزاكىرە قىلمىدى . بۈگۈن مۇئەللىمنىڭ سو-ئالىغا خاتا جاۋاب بەردى . 8 . مېنىڭ تەن سالامەتلىكىم ياخشى . مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ بەدەن چېنىقتۇرۇ-مەن .



# 14 . كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

بەزىدە سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچى باشقىلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىنى ئۆزگەرتمەي ، ئەينى بويىچە ئۆز گەپ - سۆزلىرى ئىچىدە ئىشلىتىدۇ . بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ ۋە ئۆز سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . مەسىلەن :

1 . مەكتەپ مۇدىرى بۈگۈن بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ : «پىئونېرلار ئەخلاقىي ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم» دېدى .

2 . كونىلار «ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە ، كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە» دېگەن . بىز ئەلۋەتتە ، ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم .

1 - مىسالدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پىئونېرلارغا قارىتا ئېيتقان سۆزى ئۆزگەرتىلمەي ئىشلىتىلگەن .

2 - مىسالدا كونىلار ئېيتقان سۆزلەر ، يەنى خەلق ماقالىنى سۆزلىگۈچى ئەينەن قوللىنىپ ، ئۆز سۆزىنىڭ ياكى ئۆز كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان . باشقىلاردىن ئېلىنىپ ، مانا شۇنداق ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن قوللىنىلغان جۈملىلەر كۆچۈرمە جۈملە دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچىنىڭ سۆزى ئىچىدىكى ئۆزگەرتىلمەي ئېيتىلغان ياكى يېزىلغان باشقا كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى كۆچۈرمە جۈملە دەيمىز.
كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق («...») ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە: «ئوقۇغۇچىلار، ئەدەپلىك بولۇڭلار! ئەلا ئوقۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار!» دېدى.

«مەن تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتۇپتۇ، بۇگۈن ئۇلارنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ، سۇغىرىپ قويدۇم» دېدى رۇستەم.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئورنى مۇقىم بولمايدۇ. ئۇ يازغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدىمۇ، ئالدىدىمۇ، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئىككى تەرىپىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچىنىڭ سۆزىدىن كېيىن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىدىن ئاۋۋال قوش چېكىت (:) قويۇلۇپ، ئاندىن كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي مۇنداق دېگەن: «بىلىمدىن قۇۋۋەتلىك كۈچ يوق، بىلىم بىلەن قو-

راللانغان ئادەم يېڭىلمەيدۇ » .

مەن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدىم : «ئېھ ، ئانا ۋەتىنىم ! سېنىڭ ئۈچۈن مەن ھەرقانداق ئىشقا تەييار ! »

كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچى سۆزىنىڭ ئالدىدا كەلسە ، پەقەت كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ ، باشقا تىنىش بەلگىسى قويۇلمايدۇ .

مەسىلەن :

«ئۆگىنىش ، ئۆگىنىش ، يەنە ئۆگىنىش» دېگەنىدى ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن .

«ھاي ، باللار ! گۈللۈكنى دەسسىمەي ، يول بىلەن مېڭىڭلار ! » دەپ ۋارقىرىدى باغۋەن .

كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچى سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ، قوش تىرناقنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ .

مەسىلەن :

ئاتا - بوۋىلىرىمىز : «كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق كېرەك» دېگەنىدى .

مۇئەللىم يېنىمىزغا كېلىپ : «چۈشەنمىگەن جايلار بارمۇ ؟ » دەپ سورىدى .

www.uyghurkitap.com

كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچى سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەلسە، پۈتۈن جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ، يازغۇچى سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش (،) ھەم سىزىق (ـ) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

«ئوغلۇم، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمە، — دېدى دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — تىرىشىپ ئوقۇ، كۆپلەپ بىلىم ئال.»

«مارىيە كەلمەپتۇ ـ دە، — دېدى مۇئەللىم ھەيران بولۇپ، — ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا كەتكەنىدىغۇ؟»

61 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغلار ھەمدە يازغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن كۆچۈرمە جۈملىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىڭلار:

1. دەۋا ئىشلىرى تۈگەپ ئەپەندىم يالغۇز قالغاندا، قازى ئەپەندىمگە قاراپ: «ئەپەندىم، ياغلىقتىكى نېمە ئىدى، قېنى يەشمەمسىز!» دەپتۇ. 2. «بۇ ياغلىقتىكى نەپسىڭىزنى تاقىلداتقان نەرسە ئادالەت تېشى ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئەگەر دەۋانى ئادالەت بىلەن سورىمىغان بولسىڭىز، ئادالەت تېشى بېشىڭىزغا تەگكەن بولاتتى.» 3. ئاش كەلتۈرۈلگەندە، ئەپەندىم پەرىجىسىنىڭ يېڭىنى تاۋاققا تىقىپ: «قېنى، ئاش ئال پەرىجەم! تويغۇچە يېگىن!» دېيىشكە باشلاپتۇ. 4. «جېنىم ئاكا، راستىنى ئېيتىڭا، مېنى ئۆزىڭىز بىللە ئېلىپ بارامسىز؟» دەپ سورىدى ۋەلى يالۋۇرغان ئاھاڭدا. 5. «چۈنكى بىرىنچى قېتىم پارا-

شوت بىلەن سەكرىدىڭ ـ دە !» دېدى بەنجاڭ خۇشال ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ . 6 . ئابدۇرېھىم ئەمدى ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى ، ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە : «تاغا ، مېنى ئۇرۇڭ ، مېنىڭ مۇشۇ قوللىرىمنى سۇندۇرۇۋېتىڭ ، مەن ··· مەن سىزنىڭ ئۈچ يىللىق ، ياق ، ئون يىللىق ئەجرىڭىزنى ۋەيران قىلدىم ···» دېدى . 7 . «يىغلىما ، نېمىلا قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ ، — دېدى مۇسا تاغا تەسەللى بېرىپ ، — بۇنىڭدىن ساۋاق ئال . سەن ئالدىراپ كېتىپسەن ، مەن ساڭا ئۈزۈپ بەرمەكچى ئىدىم .»

62 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار :

### ساياھەتچى پاقا

بىر پاقا جەنۇبقا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان ئۆردەكلەرنى كۆرۈپ قاپتۇ . پاقا ئۆردەكلەرگە ھەي ئۆردەكلەر ! مېنىمۇ ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىڭلار ! دەپتۇ . ئۆردەكلەر قانىتىڭ يوق تۇرسا ، بىز بىلەن قانداق كېتەلەيسەن ؟ دېيىشىپتۇ . پاقا سىلەر ئىككىڭلار بىر چىۋىقنى ئېلىپ ، ئىككى ئۇچىدىن چىشلەيسىلەر ، مەن ئوتتۇرىسىنى چىشلىۋالىمەن . سىلەر غاقىلدىمايسىلەر ، مەن كۇرۇلدىمايمەن دەپتۇ . كۆپ ئۆتمەي ، پاقىمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . پاقا خۇشاللىقىدىن كۇرۇلدىغۇسى كەلسىمۇ ، لېكىن يەرگە چۈشۈپ كېتىشى ئېسىگە چۈشۈپ ، ئاغزىنى ئاچماپتۇ . بۇ ھادىسىنى كۆرگەن ئادەملەر ھەيران قىلىپ بۇنى كىم ئويلاپ تاپقاندۇ ؟ دېيىشىپتۇ . بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاقا ئۆزى ئويلاپ تاپقان

ئامالىنى ئېيتماي چىدىيالماپتۇ ۋە مەن ئويلاپ تاپتىم، مەن... دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاقا موللاق ئاتقىنىچە يەرگە ئوقتەك چۈشۈپتۇ.

63 ـ كۆنۈكمە. ئۆزۈڭلار بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆچۈرمە جۈملىلەر بولسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۈملە توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

64 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددىي ياكى قوشما جۈملە ئىكەنلىكىنى ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار:

1. بىر بېلىقچى ئوغلى بىلەن دېڭىز ياقىسىدا كېتىۋاتاتتى ( ). 2. مانا شۇ سۇپسۇزۇك كەھرىۋانىڭ ئىچىدە كىچىككىنە ئىككى نەرسە ھېلىمۇ ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ ( ). 3. كىچىككىنە بىر چىۋىن ئۇچۇپ كېلىپ، يوغان بىر توپ قارىغايغا قوندى ( ). 4. ئاستا ـ ئاستا ئېقىۋاتقان ئېقىنلارنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق، سۆسۈن ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئېچىلغانىدى ( ). 5. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز، تەڭرىتاغ بارغانسېرى كۆركەم تۈسكە كىرىدۇ ( ). 6. ئېھ، قەدىرلىك دوستۇم، سىزنىڭ بۇ يۈكسەك پەزىلىتىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمەن! ( ). 7. تەڭرىتاغنىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشقان ئېگىز ئاقۋاش چوققىلىرى گويا ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەرۋايىت دوپپىلىرىدەك ۋالىلداپ تۇراتتى ( ). 8. مەن ئاستا پەسكە چۈشۈپ، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، چىراغنى ياندۇرۇپ قاراپ، قىزىق بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىشنى كۆردۇم ( ) . 9 . مەن ئۇنى كۆردۇم ، ئەمما ئۇ مېنى كۆرمىدى ( ) . 10 . مەن ئايشەم بىلەن كۆرۈشتۇم ھەم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم ( ) .

65 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭدىكى قوشما جۈملىلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

بۇ بالا — ئەنە شۇ رۇنتۇ ئىدى . مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا ، ئۇ 11 ياشلاردا بولۇپ ، ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 يىلچە بولدى . ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ دادام ھايات ، ئۆي ئەھۋالىمىزمۇ ئوبدان بولۇپ ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى...

رۇنتۇ دېگەن بۇ ئىسمنى مەن خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ يۈرەتتىم ۋە ئىككىمىزنىڭ بىر دېمەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم . ئۇ كەبىسە يىلى تۇغۇلغان ھەم ئۇنىڭ تەقدىرىنى كۆزلەپ كىتاب ئاچقاندا ، ئۇنىڭ يۇلتۇزىدا بەش جىسىمدىن پەقەت تۇپراقلا يېتىشمەيتتى .

مەن يېڭى يىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇم ، چۈنكى شۇ كۈن رۇنتۇنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىدى ... ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ، يۈزى دۇپدۈگىلەك بالا بولۇپ ، بېشىغا كىگىز مالىخاي كىيگەن ، بوينىغا پارقىراق كۈمۈش مونچاق ئېسىلغانىدى ... بىز ئىككىمىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن ، سۆھبەتلىشىپ كەتتۇق ۋە يېرىم كۈن ئۆتمەيلا دوستلىشىپمۇ قالدۇق .

ئۇ چاغدا بىزنىڭ نىمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىمىز ئېسىمدە يوق ، پەقەت رۇنتۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ھېكايە قىلىپ بەرگىنى يادىمدا .

66 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇشقا تېگىشلىك جايلىرىغا پەش قويۇڭلار ، پەش قويۇشقا بولمايدىغانلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىمۇ كىشى تاپالمايدىغان يەرگە ئېچىلىپ سىرتى تىكەن بىلەن يېپىلاتتى ، بەزىدە ئۇنىڭ يېنىغا بىر يوشۇرۇن ئورا كولىنىپ ئۇنىڭ ئىچىگە ئۇچلۇق پىچاقلار تىك قىلىپ سانجىپ قويۇلاتتى ياكى مىنا كۆمۈپ قويۇلاتتى ـ دە ، ئۈستى تاختاي بىلەن يېپىلىپ تاختاينىڭ ئۈستىگە ئوت ـ چۆپ تاشلاپ قويۇلاتتى . بۇنداق ئورۇنلارغا دۈشمەنلەر دەسسەش بىلەنلا موللاق ئېتىپ چۈشۈپ ھالاك بولاتتى . يەر ئاستى يولىنىڭ ئىچىگە ئاغزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە بىرقانچە مۇستەھكەم ئورا كولىناتتى ھەم خەلق ئەسكەرلىرى شۇ يەردە قوراللىق كۆزەت قىلاتتى . يەر ئاستى بۇرۇلىدىغان يېرىگە «ئېزىقتۇرغۇچى ئۆڭكۈر » دەپ ئاتىلىدىغان ئاچا يوللار كولاپ قويۇلاتتى . دۈشمەن كىرىپ قالغان تەقدىردىمۇ بۇ يوللارنىڭ قايسىسى ئۆلۈم يولى ، قايسىسى ھايات يولى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالاتتى . ئۆلۈم يولىغا كىرىپ قالسا ئۇ يەردە ئۇلارنى كۆمۈپ قويۇل-

www.uyghurkitap.com

غان مىنالار كۆتۈۋالاتتى . ھايات يولىنى تېپىۋالغاندىمۇ يەنە
بىر مۇنچە ئۆتكەللەردىن ئۆتەلمەيتتى .

67 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى قوشما جۈملىلەر تەركىبىدى-
كى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئارىلىقىغا «/ » بەلگىسىنى قو-
يۇڭلار :

1 . ساڭنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، قىلىن يۇڭ رومى-
لىنى بېشىغا چىگدى ـ دە ، پەنەرنى يورۇتۇپ ، يولدىشىنىڭ
قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن
ئىشىكتىن چىقتى ، لېكىن دېڭىزدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى .
2 . سورىئو دادىسىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلگەچكە ، ئار-
تۇقچە تەلەپ قويماي ، كۆڭلىگە بىر پىلان پۈكتى . 3 . بۇ
قېتىم ياغقان يامغۇر يېزىمىزنىڭ باغلىرىنى ، ئەتراپتىكى
ئېكىنزارلىقلارنى ۋە ئورمانلىقلارنى ياپيېشىل قىلىۋەتكەنى-
دى ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى .
4 . مەن بۇ ئىشنى سېنىڭ قىلغانلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلگەنى-
دىم ، سەن راست سۆزلىدىڭ ، راست سۆزلەش ، يالغان
ئېيتماسلىق — ئەڭ ياخشى پەزىلەت . 5 . كۆك چۆپلەرنىڭ
ئۈستىدە تورغايلار ۋىچىرلىشىپ ، ئۇيان ـ بۇيان ئۇچۇپ
يۈرىدىغان بولدى ۋە تۇرنىلار ، ياۋا غازلار ، قاقىرلار ئېگىز
ئاسماندا قاتارلىشىپ ئۇچۇشۇپ ، قىرىق ـ قىرىق قىلىپ
ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى .

68 ـ كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ ئالتە قوشما جۈملە
تۈزۈڭلار . ئۇلارنىڭ ئۈچىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاددىي جۈملى-
لەر «ۋە ، ھەم ، ياكى» باغلىغۇچىلىرى بىلەن باغلانغان ،

قالغانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاددىي جۈملىلەر پەش ئارقىلىق باغلانغان بولسۇن .

**69 ـ كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، ئۇنىڭدىكى دىئالوگلارنى كۆچۈرمە جۈملىگە ئۆزگەرتىڭلار :

## خوراز بىلەن بۆرە

بىر بۆرە قاشا ئۈستىدە ئولتۇرغان خورازنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئالداپ يېمەكچى بوپتۇ ـ دە ، ئاستا قاشانىڭ يېنىغا كەپتۇ .

— ھەي خوراز ، مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم ، — دەپتۇ بۆرە ، — يېقىندا ، ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە قارا نىيەتتە بولماسلىق ، بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلماسلىق ، بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرۇلۇق توختام تۈزۈلدى . ئەمدى بىزدىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ ، يەرگە چۈش ، دوست بولۇپ بىللە ئوينايمىز !

خوراز بۆرىدىن ھېچقاچان ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە ئۇمۇ چاندۇرماي :

— بۆرە دوستۇم ، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن ، لېكىن ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرساڭ ، سېنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئىت ئاغىنەم كېلىپ ، ماڭا خەۋەر قىلماقچى ئىدى . ئۇلارمۇ ھازىرلا كېلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ چۈشەي ، ھەممىمىز بىللە ئوينايلى ! — دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۆرە خورازنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئىككى ئىت يې-
تىپ كەلسە ئۆزىنىڭ تۇگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، قۇيرۇ-
قىنى قىسقان پېتى قېچىپتۇ .

— ھەي ئاغىنە ، نېمىشقا قاچىسەن ، — دەپ ۋارقىراپ-
تۇ خوراز ، — توختام تۈزۈلدى دەۋاتاتتىمغۇ !

— ۋاي ، خوراز ئاغىنە ، ئۇ ئىككىسى توختامنى ئاللى-
قاچان بۇزغاندۇ ، ھەر ھالدا پەخەسرەك بولاي ، — دەپتۇ
بۆرە قېچىپ كېتىۋېتىپ .

خوراز ئۇنىڭ كەينىدىن :

— ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ! — دەپ ۋارقى-
راپتۇ .

ئەسكەرتىش : دىئالوگلارنى كۆچۈرمە جۈملىگە ئۆز-
گەرتىپ يازغاندا ، باش قۇردىن يازماي ، ئۇلاپ يېزىش كې-
رەك .

**70** - كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ تۆت كۆچۈرمە جۈملە
يېزىڭلار ھەمدە تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويۇڭلار . بۇلار-
دا كۆچۈرمە جۈملە ئايرىم - ئايرىم ھالدا يازغۇچى سۆزىنىڭ
ئالدىدا ، ئاخىرىدا ، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئىككى تەرىپىدە كەلگەن
بولسۇن .

# 15 . قىستۇرما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

بەزى جۈملىلەردە جۈملە بۆلەكلىرىدىن باشقا سۆزلەرمۇ بولىدۇ . بۇ سۆزلەر جۈملىدە پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ ئوي- پىكرىگە قارىتا ھەر خىل كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

1 . بۇ كىتابنى ، ئەلۋەتتە ، ئۇ ئېلىشى كېرەك .

2 . مېنىڭچە ، بۇ مەسىلىنى كۆپچىلىك بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى .

3 . ئېھتىمال ، ئۇنىڭ ئىشى چىقىپ قالغاندۇ .

4 . بەختىمىزگە يارىشا ، بۈگۈن ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى .

1 - جۈملىدىكى «ئەلۋەتتە» دېگەن سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئوي - پىكرىگە قارىتا مۇقىملاش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ؛ 2 - جۈملىدىكى «مېنىڭچە» دېگەن سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ خاھىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ؛ 3 - جۈملىدىكى «ئېھتىمال» دېگەن سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ گۇمانىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ؛ 4 - جۈملىدىكى «بەختىمىزگە يارىشا» دېگەن سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن . دېمەك ، يۇقىرىقى سۆزلەر قىستۇرما سۆزلەر دېيىلىدۇ .

ئۆزى جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان ۋە جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي - پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرخىل كۆزقارىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قىستۇرما سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇلار : ئېھتىمال ، بەلكىم ، شەك - شۈبھىسىزكى ، راستىنى ئېيتقاندا ، ئەلۋەتتە ، مېنىڭچە ، ئويلىشىمچە ، بەختكە قارشى ، بەختىگە يارىشا ، راستتىنلا ، ئەڭ مۇھىمى ، ھەقىقەتەن ، ئىشقىلىپ ، ئومۇمەن ... قاتارلىقلار .

قىستۇرما سۆزلەر بىر سۆزدىنمۇ ، بىرنەچچە سۆزلەردىنمۇ تۈزۈلىدۇ .

مەسىلەن :

ئېھتىمال ، بۈگۈن يامغۇر يېغىپ قالار .

مېنىڭ قارىشىمچە باللارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى خېلى يۇقىرى .

ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا ، كېسىلىمۇ تېزلا ساقىيىپ كەتتى .

قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ ، ئوتتۇرىسىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ . ئەمما ، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى ئوخشاش بولمايدۇ .

ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ، قىستۇرما سۆزلەردىن كېيىن پەش ( ، ) قويۇلىدۇ .

مەسىلەن :

شەك - شۈبھىسىزكى ، بىز تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا

قارشى تۇرىمىز .

ئەڭ مۇھىمى ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ، ئورتاق ئالغا بېسىشىمىز كېرەك .

ئەلۋەتتە ، بۇ مەسىلىلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم .

**ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ .**

مەسىلەن :

بىز ، راستىنىلا ، سىلەر بىلەن ئىشلەشكە كەلدۇق .

بۇ قېتىمقى ئەمگەكتە ، ھەقىقەتەن ، سىلەر كۆپ كۈچ چىقاردىڭلار .

سىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭ ، ئەلۋەتتە ، ھەممىمىزنىڭ-كىدىن يۇقىرى .

**ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە ، قىستۇرما سۆزلەردىن ئاۋۋال پەش قويۇلىدۇ .**

مەسىلەن :

بىز ۋەتىنىمىزنى چىن دىلىمىزدىن سۆيىمىز ، ئەلۋەت-تە . ئەگەر سەن ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭ ، بۇ ئارزۇلىرىڭ قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ ، خالاس .

71 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە قىستۇرما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . ئەڭ مۇھىمى ، ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەسلىك كې-رەك . 2 . سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ، ئومۇمەن ، مۇشۇلاردىن ئىبارەت . 3 . مېنىڭ پىكرىمچە ، سىز بۇ مەسىلىگە ھەر-

گىزمۇ سەل قارىماسلىقىڭىز كېرەك . 4 . بىز مەكتەپ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندايمىز ، ئەلـ ۋەتتە . 5 . راستىنى ئېيتسام ، ئۇلارنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىدـ نى ئاڭلىمىدىم . 6 . ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئۇنى ئالىيەدىن ئاڭلىغانىدىم . 7 . بەختىمىزگە يارىشا ، قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كەتمىدى . 8 . ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى ، ھەقىقەتەن ، سەن ئېيتقاندەك ياخشى ئىكەن . 9 . يولداشلارنىڭ ئىنكاـ سىدىن قارىغاندا ، بۇ سىنىپنىڭ دەرسخانا ئىنتىزامىدا زور ياخشىلىنىشلار بارلىقىقا كەلگەن . 10 . بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ كۈچ چىقىرىشىڭ كېرەك ، بىز پەقەت تەكلىپلا بېرەلەيمىز ، خالاـ س .

72 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېـ زىڭلار ھەمدە قىستۇرما سۆزلەرنى تېپىپ ، ئۇلارنىڭ تىـ نىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار :

1 . شەك ـ شۈبھىسىزكى سىلەرنىڭ بۇ پائالىيىتىڭلار پۈتۈن مەكتەپكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . 2 . سىنىڭ بۇـ گۈنكى يىغىندا ئەنۇەرگە بەرگەن پىكرىڭ مېنىڭچە ئانچە توغرا بولمىدى . 3 . سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن . 4 . بۇ مەۋسۇمدا سەن ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەم قىلدىڭ ئەلۋەتتە . 5 . بۇ ئىشنى سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار ؟ 6 . ئومۇمەن بۇ قېتىمقى نۇتۇق سۆزلەش يىغىنىمىز ياخشى بولدى . 7 . راستىنى ئېيتسام بۇ قېتىم مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىشىڭ كېرەك . 8 . بۇ كۆنۈكمىنى توغرا ئىشلەش ئۈچۈن مۇھىمى ئۇنىڭ تەلىپىنى

چۈشىنىش كېرەك . 9 . گېپىڭىزگە قارىغاندا سىزدە ئاز-راقمۇ خاتالىق يوق ئىكەن - دە؟ 10 . سىزچە بۇ مەسىلىنى قانداق ئىشلىسەك بولار؟

73 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئاخىرىغا بېرىلگەن قىس-تۇرما سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى قويۇڭلار ھەمدە تىنىش بەل-گىلىرىنى قويۇشقا دىققەت قىلىڭلار :

1 . ...... ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى يۇقىرى ئى-كەن . 2 . مەن ...... بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تازا ياخ-شى چۈشىنەلمەي قالدىم . 3 . ئەخمەتنىڭ ئېيتقانلىرى ...... توغرا . 4 . بىز سىلەرگە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن جا-ۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك ...... 5 . مۇئەللىمنىڭ قېشىغا ...... ئۆزۈڭ بارغىنىڭ تۈزۈك . 6 . ...... بۇ ئىشقا ئىككىمىز مەسئۇل بولساق قانداق؟

كېرەكلىك سۆزلەر : سېنىڭچە ، بەختىمىزگە يارىشا ، ھەقىقەتەن ، راستىنى ئېيتسام ، ئەڭ ياخشىسى ، ئەلۋەتتە ، مېنىڭچە

74 - كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ بىرنەچچە جۈملە تۈ-زۈڭلار ، تۈزگەن جۈملىلىرىڭلاردا قىستۇرما سۆزلەر بول-سۇن ھەمدە ئۇلار جۈملىنىڭ بېشىدا ، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخى-رىدا كەلسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 16 . قاراتما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

جۈملىدە قىستۇرما سۆزلەرگە ئوخشاش جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ ئوي - پىكىرىنى كىمگە قارىتىپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار . مەسىلەن :

1 . غەيرەت ، ئاكاڭ مەكتەپكە كەتتىمۇ ؟

2 . مۇئەللىم ، بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز .

3 . ساۋاقداشلار ، دەرسخانا ئىنتىزامىغا رىئايە قىلايلى !

1 - جۈملىدىكى ئوي - پىكىر «غەيرەت»كە ، 2 - جۈملىدىكى ئوي - پىكىر «مۇئەللىم»گە ، 3 - جۈملىدىكى ئوي - پىكىر «ساۋاقداشلار»غا قارىتىپ ئېيتىلغان . بۇ جۈملىلەردىكى «غەيرەت ، مۇئەللىم ، ساۋاقداشلار» دېگەن سۆزلەر قاراتما سۆزلەردۇر .

> جۈملىدە تىڭشىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ، شۇلارنىڭ نامىنى چاقىرىپ ئېيتىلغان سۆزلەر قاراتما سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن :

يولداشلار ، پەن ـ تېخنىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنەيلى !
ئانارخان ، سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز ؟
ئوقۇغۇچىلار ، بۇ جۈملىگە دىققەت قىلىڭلار !

قاراتما سۆزلەر يۇقىرىدا ئېيتقاندەك جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ ، ئۇلار جۈملىدە پەش ئارقىلىق باشقا سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ . شۇڭا ، قاراتما سۆزلەرنى شۇ جۈملىلەردىكى ئىگە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك .

مەسىلەن :

ئارزۇگۈل ، بۇ ماقالىنى سىز يازغانمۇ ؟
ساۋاقداشلار ، تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار !
پەرھات ، ئاكاڭ ئىشتىن قايتىپ كەلدىمۇ ؟

1 ـ جۈملىنىڭ ئىگىسى — سىز ، 2 ـ جۈملىنىڭ ئىگىسى — سىلەر . ئەمما ، بۇ ئىگە جۈملىدە چۈشۈپ قالغان . ئەسلىدە بۇ جۈملە — ساۋاقداشلار ، سىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار ! 3 ـ جۈملىنىڭ ئىگىسى — ئاكاڭ .

**قاراتما سۆزلەر بىرلا سۆزدىنمۇ ھەم بىرقانچە سۆزدىنمۇ تۈزۈلىدۇ .**

مەسىلەن :

ئاپا ، مەن مەكتەپكە كەتتىم .
يولداش مەمتىمىن ، مەن سىزنىڭ قىلغان ياردىمىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن .
قەدىرلىك دوستۇم ئابلىز ، سىزنى ئۆگىنىشتىكى ئالاھىدە نەتىجىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

75 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، قاراتما سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملىدىكى ئىگىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىۋېلىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار ، سىلەر ھازىردىن باشلاپ ئاددىي ـ ساددا ياشاش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشۈڭلار لازىم . 2 . يولداش مۇختار ، بىز سىزنىڭ پىكرىڭىزنى قەتئىي قوللايمىز . 3 . سىز باشقىلارغا بۇنداق مۇئامىلە قىلسىڭىز توغرا بولمايدۇ ، ساۋاقداش رەنا . 4 . بۇ سوئالغا ، ئايشەم ، سىز جاۋاب بېرىڭ . 5 . بالىلار ، سوغۇق سۇ ئىچمەڭلار ! 6 . ئۇكام ، سەن ماڭا بىر ئاز ياردەملەشسەڭچۇ ! 7 . دىلشات ، دەرسخانىدا مۇئەللىم بارمۇ ؟ 8 . يولداشلار ، ھەممە ئىشتا تىرىشچان بولايلى ! 9 . مۇنۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ ، يولداش قاسىم . 10 . بۇ ئىشقا ، يولداش ، مەخمۇت ، ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇڭ .

قاراتما سۆزلەرمۇ جۈملىنىڭ بېشىدا ، ئوتتۇرىسىدا ھەم ئاخىرىدا كېلىۋېرىدۇ . قاراتما سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ ، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .

**قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ .**

مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار ، ۋەتەننى كۆكەرتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشايلى !

دوستۇم ، بۇ قېتىم مېنىڭ گېپىمگە كىرگىن .

قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ .

مەسىلەن :

سەن ، ھەسەن ، ئىنتىزامغا ئائىلىق رىئايە قىلىشىڭ كېرەك .

ئەتىكى چوڭ يىغىندا ، پاتىگۈل ، سىز سۆزلەيسىز .

قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە ، ئۇ-نىڭ ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ .

مەسىلەن :

تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىڭ ، سارىخان .

سەن ماڭا كۆپ جەھەتلەردىن ياردەم قىلدىڭ ، دوستۇم ئابلەت .

بەزى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن قاراتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . بۇ ، قاراتما سۆزنىڭ كۈچلۈك ، كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

مەسىلەن :

يولداشلار ! ئاخىرقى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈ-چۈن يەنىمۇ تىرىشايلى .

ھەي قاسىم ! بۇ ياققا قايتىپ كەل .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

جۈملىدىكى قاراتما سۆزلەر باشقا سۆزلەرگە قا-
رىغاندا كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ، ئوقۇ-
غاندا، باشقا سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، كۈچلۈك
ئاھاڭدا ئوقۇلىدۇ.

76 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، قاراتما سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ تىنىش بەلگىلىرىگە دىق-قەت قىلىڭلار:

لېنىن بىلەن قاراۋۇل

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يېڭىلا غەلىبە قىلدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى، قۇياش بۇلۇتلارنى يېرىپ، سمولنىي سارد-يىغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى چاچماقتا ئىدى. خەلق كومىتېتى سمولنىي سارىيىدا تەسىس قىلىندى. جەڭچى روبانوف سمولنىيدا قاراۋۇل ئىدى.

بەنجاڭ:

— يولداش روبانوف، سەن بۈگۈن تۇنجى قېتىم پوستـ-تا تۇرۇۋاتىسەن، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئۇلارنىڭ يولخېتىنى تەكشۈرۈش. يولداش لېنىن بۈگۈن بۇ يەردە يىغىن ئاچىدۇ، بىرەر بۇزۇقنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويما، — دېدى.

— خوپ، يولداش بەنجاڭ، — روبانوف ھەربىيچە سالام بېرىپ، — مەن ئىنقىلاب نامىدىن ۋەدە بېرىمەنكى، چوقۇم لېنىن ئۈچۈن پوستتا ياخشى تۇرىمەن، — دېدى.

قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە، سمولنىيغا ئىش بېجىرگىلى كەلگەنلەر كۆپەيدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشچى،

دېھقان ، ئەسكەر ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى . روبانوف ئۇلارنىڭ يولخەتلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى .

خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش لېنىن كەلدى . ئۇ بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى .

— يولداش ، سىزنىڭ يولخېتىڭىز ؟ — روبانوف لېنىننىڭ ئالدىنى توسۇدى .

— ھە ، توغرا ، يولخەت . مەن سىزگە كۆرسىتەي ، يولداش قاراۋۇل ، — دەپ لېنىن دەرھال يولخېتىنى يېنىدىن ئېلىپ كۆرسەتتى .

بۇ چاغدا يىغىنغا كەلگەن بىر كىشى كېلىپ قالدى ، ئۇ قاراۋۇلنىڭ لېنىننى توسۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاچچىقى بىلەن :

— بۇ يولداش لېنىنغۇ ! قويۇپ بېرىڭ ، — دېدى .

— كەچۈرۈڭ ، — روبانوف ئەستايىدىللىق بىلەن ، — مەن لېنىننى كۆرمىگەن ، يولخېتى بولمىسا ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەيمەن ، — دېدى . روبانوف لېنىننىڭ يولخېتىگە قارىسا ، دەرۋەقە راستىنلا لېنىن ئىكەن . ئۇ ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ ، ھەربىيچە سالام بېرىپ :

— يولداش لېنىن ، كەچۈرۈڭ ، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم ، — دېدى .

لېنىن بۇ ياش جەڭچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ، خۇشال بولغان ھالدا :

— يىگىت ، سىز توغرا قىلدىڭىز ، مۇشۇنداق ئەستايىدىل خىزمەت قىلىش كېرەك ، رەھمەت سىزگە ! — دېدى .

ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ ياندا تۇرغان ھېلىقى يولداشقا :

— سىز ئۇنى ئەيىبلىمەڭ ، يولداش ، بىز مۇشۇنداق ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەيدىغان يولداشلارغا موھتاجمىز ، ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا ھەممە ئادەم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ، — دېدى .

77 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىككى قاتاردىكى جۈملىلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار ھەمدە قاراتما سۆزلەر بىلەن جۈملىدىكى ئىگىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار :

| 1 ـ قاتار | 2 ـ قاتار |
| --- | --- |
| 1 . ئاپا ، خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن . | 1 . ئاپام خاتىرجەم بولسۇن ، مەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن . |
| 2 . غەيرەت ، سەن بىزنىڭ مۇئەللىمىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن ؟ | 2 . غەيرەت بىزنىڭ مۇئەللىمىنىڭ ئۆيىنى بىلەمدۇ ؟ |
| 3 . يولداشلار ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتناشتىڭلار . | 3 . يولداشلار بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتناشتى . |
| 4 . ساۋاقداشلار بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكمەڭلار . | 4 . ساۋاقداشلار بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكمىسۇن . |
| 5 . ئاتىكەم ، سىز قاچان قايتىپ كېتىسىز ؟ | 5 . ئاتىكەم قاچان قايتىپ كېتىدۇ ؟ |

78 ـ كۆنۈكمە . كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق قاراتما سۆزلەرنى قويۇپ ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈ-

رۇپ يېزىڭلار ھەم تېگىشلىك ئورۇنلىرىغا تىنىش بەلگىلى-
رىنى قويۇڭلار :

1 . ... مىلەر كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى . 2 . ...
بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭلار . 3 . تۈنۈگۈنكى پىكىر-
لەرنى ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ ... ؟ 4 . بىرىنچى گۇرۇپپى-
نىڭ ئۆگىنىشىگە ... سىز مەسئۇل بولۇڭ . 5 . بۈنىڭدىن
كېيىن بىر - بىرىمىزگە ياردەم بېرىپ ، بىرلىكتە ئالغا
باسايلى ... 6 . بىز ... ئۆز ۋەزىپىمىزنى بىر مىنۇتمۇ
ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم . 7 . چوڭلار «ئۆتكەن كۈنۈڭ-
نى ئۇنتۇما ، شىر چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دەپتىكەن ...
8 . ھېچقىسى يوق ... بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم-
غۇ ! 9 . ... دوسكىغا قاراڭلار .

**79** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-
غاچ ، قاراتما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ
تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ھەر ۋاقىت
ئېسىمىزدىن چىقارمايلى ! 2 . ھاشىم سەن دەرسلىرىڭنى
تەكرارلاپ بولدۇڭمۇ ؟ 3 . سىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىئايە
قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ساۋاق-
داش ماھىنۇر ؟ 4 . دادا مەن بۈگۈن ئىتتىپاق ئەزاسى
بولدۇم . 5 . ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ يولداش ئابلەت رۇخ-
سەت سورىشىڭىز كېرەك ئىدى . 6 . ھېكايىنىڭ داۋامىنى
سىز رەيھان ئوقۇڭ . 7 . ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچى يولداشلار
بىز ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر-

لىكتە كۆرەش قىلايلى ! 8 . ئاپا ئەمدى بىر ئاز دەم ئېلىڭ قالغان ئىشلارنى مەن قىلاي . 9 . قادىر ئەتە ئىشىڭ بارمۇ ؟

80 ـ كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ ، قاراتما سۆزلىرى بار بىرقانچە جۈملە يېزىڭلار ھەمدە كېرەكلىك جايلىرىغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار .

# 17 . بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى

قوشۇمچىلار سۆز تومۇرىغا قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ .

مەسىلەن :

چىرايلىق ، مەكتەپتىن ، كىتابخانا ، ئۇيغۇرچە ، ئوقۇغۇچىلاردىن

قوش تىرناق ۋە يالاڭ تىرناقنىڭ ئىچىدىكى سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلارنىڭ سىرتىغا يېزىلىدۇ .

مەسىلەن :

بىز بۈگۈن ئەدەبىيات دەرسلىكىدە «نۇزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى»نى ئۆتتۇق .

مەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»گە يېزىلدىم .

بىر قېتىم ، لېنىن يولداشلارغا يازغان خېتىدە ئىنتايىن قىزىقچىلىق قىلىپ : «بۈگۈن ئىش ئوڭىغا تارتمىغاچقا ، ئۇدا ئالتە ‹سىياھ قۇتىسى›نى يەۋەتتىم» دېگەن .

رىم رەقەملىرىدىن كېيىن «نچى ، ىنچى» ياكى سىزىقچە (ـ) قويۇلماي يېزىلىدۇ ، ئوقۇغاندا «نچى ، ىنچى» قوشۇپ ئوقۇلىدۇ .

مەسىلەن :

IX باب (توققۇزىنچى باب) ، X ئەسىر (ئونىنچى ئەسىر)

ئوي ـ پىكىرنىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلار ئىپتىلىشتا، «نچى، ىنچى» قوشۇلۇپ ئىپتىلىسىمۇ، ئەمما يازغاندا، قاتار سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلماي، چېكىت قويۇلىدۇ. ئوقۇغاندا ئوخشاشلا «نچى، ىنچى» قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن:

تىنىش بەلگىلىرى مۇنۇلار: 1. چېكىت، 2. پەش، 3. سوئال بەلگىسى، 4. ئۈندەش بەلگىسى.

بىزنىڭ ئۆگىنىش ئىنتىزامىمىز:

1. مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىغا رىئايە قىلىش؛

2. دەرسكە كېچىكمەسلىك ۋە بالدۇر قايتماسلىق؛

3. دەرسخانا ئىنتىزامىنى ساقلاش؛

4. ...

81 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغاچ، ئىملا خاتالىقى بار جايلارنىڭ ئاستىغا سىزىقلار ھەم ئۇلارنى دەپتىرىڭلارغا توغرىلاپ يېزىڭلار:

1. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانى دا توپ ئويناۋاتىدۇ. 2. بىز دەرسخانا تەرتىپىنى ياخشى ساقلايمىز. 3. مەن «تارىم غۇنچىلىرىغا» مۇشتەرى بولدۇم. 4. بۇ ھېكايە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرىگە» بېسىلغان. 5. بىز XX ـ ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. 6. ئۇلار بۇ دەرس لىكنىڭ V ـ بابىنى ئۆگىنىپ بوپتۇ. 7. بىز بۈگۈن «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىدىن «17 ـ بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسىنى» ئۆتتۇق. 8. جۈملە تۈزۈلۈشگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: 1 ـ ئاددىي جۈملە، 2 ـ قوشما جۈملە.

## 18 . قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تىلىمىزدىكى قىسقارتىلما سۆزلەر، ئاساسەن، سۆزلەرنىڭ باش ھەرپىنى ياكى باش بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر ھەرپلەرنىڭ يەككە شەكلى بىلەن يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ.

مەسىلەن:

ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)

ج خ ج (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى)

ك م (كىلومېتىر)

بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)

ئوبكوم (ئوبلاستلىق كومىتېت)

كىشى ئىسىم فامىلىلىرىنى قىسقارتقاندا بىرىنچى ھەرپى ئېلىنىپ، يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

ك. ماركس (كارل ماركس)

ۋ.ئى. لېنىن (ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن)

www.uyghurkitap.com

ن . ئابدۇسەمەت (نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت)

ز . قادىر (زۇنۇن قادىر)

82 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئەسلىي نامىنى ئېيتىپ يېزىڭلار:

1 . ش ئۇ ئا ر

2 . ب د ت

3 . ج خ ئىدارىسى

4 . ج ك پ

5 . س م

83 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىسقارتىپ يېزىڭلار:

1 . ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى :

2 . تىيانشان رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى :

3 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى :

4 . مىللىمېتىر :

5 . ئەخمەتجان قاسىمى :

6 . سەيپىدىن ئەزىزى :

# 19 . سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

سۆزلەر بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ياغاچ ، تاش ، سۇ ، دەرەخ ، يولۋاس ، بۇغداي دېگەن سۆزلەر نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ؛

ئىشچى ، دېھقان ، زىيالىي ، ئوقۇغۇچى دېگەن سۆزلەر ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى ؛

كۆك ، يوغان ، ئېگىز ، چىرايلىق ، يېڭى دېگەن سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرىنى ؛

بەش ، ئون ، يىگىرمە بەش ، بىرمىڭ توققۇزيۈز توقسان بىرىنچى دېگەن سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ .

**سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم سۆز مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ .**

مەسىلەن :

«قەلەم» دېگەن سۆز خەت يېزىشتا قوللىنىلىدىغان ۋە مېتالدىن ياسالغان يېزىش قورالىنى بىلدۈرىدۇ ؛ «سىياھ» دېگەن سۆز خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى بىلدۈرىدۇ ؛ «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنى بىلدۈرىدۇ . مانا بۇلار شۇ سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىلەردىن ئىبارەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

84 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىپادىلىگەن مەنە- لىرىگە قاراپ ، بېرىلگەن تۈرلەر بويىچە ئايرىپ يېزىڭلار :

ئۇقۇتقۇچى ، بۇغداي ، دەرسلىك ، ئاچچىق ، دوختۇر ، شامال ، مەكتەپ ، قېرىنداش ، دەريا ، قىزىل ، مائارىپ ئىدارىسى ، ئۆچقۇچى ، قىچا ، ئالما ، لازا ، سېمىز ، كىنو- خانا ، پەمىدۆر ، شاپتۇل ، دەپتەر ، تاغ ، كۆممىقوناق ، دوختۇرخانا ، سەۋزە ، دۈگىلەك ، ئۆچلىغۇچ ، يازغۇچى

1 . كۆكتاتلار :

2 . ئىدارە ـ ئورگانلار :

3 . زىرائەتلەر :

4 . مېۋىلەر

5 . كىشىلەرنىڭ كەسپىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر :

6 . ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر :

7 . جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز- لەر :

8 . ئوقۇش قوراللىرى :

> بەزى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر ئومۇمىي تۈر- دىكى شەيئىلەرنى بىلدۈرسە ، بەزى سۆزلەر ئايرىم تۈردىكى شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ . يەنە بەزى سۆزلەر پەقەت بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن :

«دۆلەت» دېسەك ، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنى بىل- دۈرىدۇ ؛ «سوتسىيالىستىك دۆلەت» دېسەك ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنى بىلدۈرىدۇ ؛ «جۇڭگو» دېسەك ،

پەقەت بىرلا دۆلەت — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىلدۈرىدۇ .

«ھايۋان» دېسەك ، بارلىق ھايۋانلارنى بىلدۈرىدۇ ؛ «تۈلكە» دېسەك بىر تۈردىكى ھايۋاننى بىلدۈرىدۇ .

> بەزى سۆزلەر بىرلا مەنىنى بىلدۈرسە ، بەزى سۆزلەر بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن ، شىنجاڭ ، تارىم دەرياسى ، مەھمۇد قەشقەرى ، ئەدەبىيات ، ماركسىزم ، ئۇنىئالغۇ ... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر پەقەت بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

قارا ، باش ، ئوچۇق ، يول ... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . يەنى ، قارا — قارا رەڭ ، باشقىلارغا قاراچاپلىما ، ماڭا قارا ؛ باش — ئادەمنىڭ بېشى ، قوناقنىڭ بېشى ، ئىشنىڭ بېشى ، سۇنىڭ بېشى ، باش ۋەزىپە ، باش بولۇش... ؛ ئوچۇق — ئىشىك ئوچۇق ، قولى ئوچۇق ، ھاۋا ئوچۇق ، ئوچۇق دەرس ، ئوچۇق شەھەر... ؛ يول — ئادەملەر ماڭىدىغان يول ، سوتسىيالىزم يولى ، ئىشنىڭ يولى ، تۇرمۇش يولى ... ۋە باشقىلار .

85 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار :

ئېدىسون — دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى . ئۇ ئامېرىكىلىق بولۇپ ، كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكى سەۋەبىدىن ئارانلا ئۈچ ئاي ئوقۇغان ، 11 يېشىدىن باشلاپ گېزىت ساتقان . ئۇ ئىلىم ـ پەننى قىزغىن سۆيەتتى . دائىم پۇل ئىقتىساد قىلىپ ، پەننىي كىتاب ـ ژۇرناللارنى ۋە

خىمىيىلىك دورىلارنى سېتىۋالاتتى . ئۇنىڭ تەجرىبە قىلى-دىغان ئەسۋابلىرى بولسا ، ئەخلەت ئارىسىدىن تېپىۋالغان بوتۇلكا ۋە قۇتىلار ئىدى . ئۇنىڭ تومپايتىپ ئېسىۋالغان گېزىت سومكىسى ھەر خىل پەننىي كىتابلار ھەم خىمىيە دورىلىرى بىلەن توشقانىدى . ئېدىسون 12 يېشىدا پويىزدا گېزىت ساتىدۇ . پويىزنىڭ يولۇچىلار تاماكا چېكىدىغان مەخسۇس ۋاگونى بولۇپ ، پويىز باشلىقى ئۇنىڭ مۇشۇ ۋا-گوندا بىر بۇلۇڭدىن ئورۇن ئېلىشىغا قوشۇلىدۇ . ئۇ خىمى-يە دورىلىرى ۋە بوتۇلكا قۇتىلىرىنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ ، گېزىت سېتىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەر خىل قىزىقارلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلەيدۇ .

86 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ ، بىرلا مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، بىرنەچچە خىل مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاس-تىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار :

ماتېماتىكا ، ئېغىز ، قاتتىق ، ئۈرۈمچى ، نۇزۇگۇم ، ئېچىش ، ئوچۇق ، ئات ، كۆل ، كۆك ، 1 ـ ئوتتۇرا مەك-تەپ ، تۇلكە ، سال ، يول ، تېلېۋىزور ، سۇئىي ھەمراھ ، بۇلاق ، باش

87 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە ھەربىر تۈرگە بەشتىن سۆز يېزىڭلار :

1 . شەھەر : تۇلا ، ئۆدۈنلەر ، تەشتەر ، ئۇ تەن ، قاقلىس
2 . زىرائەت : ئىلمان ، ئىگىلىكى ، لونھو قاتلىق ئىنواق ، ئاكلىن
3 . دېھقانچىلىق سايمانلىرى : زىماق ، ئىلمان ، ... ، ھەمەن ، سايان ، ئەن ، ئالىي

4 . دەريا :
5 . كىيىم ـ كېچەك :
6 . قاتناش ۋاستىلىرى :
7 . گۈللەر :
8 . دەرەخلەر :
9 . ئۇرۇق ـ تۇغقانلار :
10 . تەنتەربىيە سايمانلىرى :

88 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل مەنىـ
لىرى بويىچە جۈملە تۈزۈڭلار :

ئوچۇق :
سال :
قاتتىق :
باش :
ئات :
ئۈلگە :

باش — 1 . مېنىڭ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ .
2 . بۇ ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى باش ۋەزىپىمىز .
3 . سەن بىزگە باش بولغىن .
4 . بىز قىيىنچىلىقتا ھەرگىز باش ئەگمەيمىز .
5 . ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەس
بولۇپ قالدى .
6 . بىز سۇنىڭ بېشىغا بارايلى .
7 . بىز بۇ ئىشنى باشتىن باشلايلى .
8 . سەن بۇ گەپنىڭ بېشىنى ئاڭلىمىدىڭ .
9 . ئېتىزدىكى بۇغدايلار باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 20 . مەنىداش سۆزلەر

بىز ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىگە قاراپ باقايلى :

1 . باھار پەسلى كېلىشى بىلەن ، ھەممە جاي گۈزەللىشىپ كېتىدۇ .

2 . باھار پەسلى كېلىشى بىلەن ، ھەممە جاي كۆركەم تۈس ئالىدۇ .

3 . باھار پەسلى كېلىشى بىلەن ، ھەممە جاي چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ .

4 . بۇ پارتا ناھايىتى پۇختا ياسىلىپتۇ .

5 . بۇ پارتا ناھايىتى مۇستەھكەم ياسىلىپتۇ .

6 . بۇ پارتا ناھايىتى چىڭ ياسىلىپتۇ .

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ باشتىكى ئۈچىسىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئوخشاش بىر مەنىنى ، كېيىنكى ئۈچىسىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر باشقا بىر ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن .

> **ئېيتىلىشى ھەر خىل ، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر - بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .**

مەسىلەن :

يەر ، تۇپراق ، زېمىن ؛ ياخشى ، ئوبدان ، بەلەن ؛ دەم

ئىلىش ، ئارام ئىلىش ، ھاردۇق ئىلىش ؛ ئۆلۈش ، ۋاپات بولۇش ، قۇربان بولۇش ، ئالەمدىن ئۆتۈش ؛ داڭلىق ، ئاتاق-لىق ، مەشھۇر ... قاتارلىق سۆزلەر مەنىداش سۆزلەردۇر .

مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن بولسىمۇ ، لېكىن پەرقلەندۇرمەي ، ھەممىلا جۈملىدە قارا-قويۇق قوللىنىۋېرىشكە بولمايدۇ .

مەسىلەن ، «ئېگىز» بىلەن «يۇقىرى» مەنىداش سۆز-لەر بولسىمۇ ، لېكىن قوللىنىشتا پەرقلىنىدۇ .

مەسىلەن ، «بۇ بىنا بەك ئېگىز ئىكەن» دېگەن جۈملە-نى «بۇ بىنا بەك يۇقىرى ئىكەن» دېگىلى بولمايدۇ .

«ئالىمجاننىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى» دېگەن جۈملىنى «ئالىمجاننىڭ سەۋىيىسى ئېگىز» دېگىلى بولمايدۇ .

«ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ» دېگەن جۈملىنى «ئۇ ئۆز پىكرىدە پۇختا تۇرىدۇ» دېگىلى بولمايدۇ ...

**89** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مەنىداشلىقى بو-يىچە رەتلەپ يېزىڭلار :

ئادەم ، كاتتا ، ئالەم ، ئېگىز ، ئىتتىك ، ئۆلۈش ، ئۇ-لۇغ ، يوغان ، جاھان ، ئىنسان ، يۈرىكى سوقۇشتىن توخ-تاش ، زور ، مەشھۇر ، ئۇستۇن ، ۋەتەن ، قۇربان بولۇش ، كىشى ، ئەل ، چوڭ ، داڭلىق ، دۇنيا ، ۋاپات بولۇش ، ئۆت-كۈر ، يۇقىرى ، مۇستەھكەم ، تېز ، چىڭ ، دۆلەت ، پۇختا

**90** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىك-كىدىن مەنىداش سۆز يېزىڭلار :

تۆۋەن :

ئىلگىرى :

چىرايلىق :
ئوي :
ئۇستا :
چاپسان :

91 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن مەنىداش سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇڭلار :

1 . بىز ئۆزىمىزگە ...... تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك . 2 . بىز ئۆگىنىشتە ...... ئاساس ئورنىتىشىمىز لازىم . 3 . ئوقۇغۇچىلار...... تەييارلىق كۆرۈپ بولدى . (پۇختا ، مۇستەھكەم ، قاتتىق ) 4 . ئاۋۇ رەختنىڭ...... چىرايلىق ئىكەن . 5 . ئۇكامنىڭ...... پاسكىنا بولۇپ كېتىپتىكەن ، مەن يۇيۇپ قويدۇم . 6 . ئامىنەم نېمىدىن خاپا بولدىكىن ، بۈگۈن ...... زادىلا ئېچىلمىدىغۇ !(يۈزى ، چىرايى ، رەڭگى ) 7 . لېۇ خۇلەن ئىنقىلاب يولىدا مەردلەرچە ...... . 8 . بىزنىڭ ئىككى چۈجە سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ...... 9 . تالانتلىق مۇزىكىشۇناس ئامانىساخان......دا ، ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەنىدى . (ۋاپات بولۇش ، قۇربان بولۇش ، ئۆلۇش )

92 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ ھەربىرى بىلەن بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار :

يەر ، زېمىن ، تۇپراق ، جاي ، ئاھاڭ ، تاۋۇش ، ئۈن

## 21 . شەكىلداش سۆزلەر

تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ھەم يېزىلىشى ئوخشاش بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ .

مەسىلەن :

1 . ئات — دادام ئۇكامغا ئات قويدى .

2 . ئات — بۇ ئات بەك تېز يۈگۈرىدۇ .

3 . ئات — مىلتىقنى نىشانغا چەنلەپ ئات .

4 . ئوت — ئۆمەرجان ، قويلارغا ئوت سېلىۋەتكىن .

5 . ئوت — ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ .

1 - جۈملىدىكى «ئات» (ئىسىم) — ئات قويۇش مەنىسىنى ؛ 2 - جۈملىدىكى «ئات» (ئىسىم) — بىر خىل ھايۋاننىڭ نامىنى ؛ 3 - جۈملىدىكى «ئات» (پېئىل) — مىلتىق ئېتىش ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن . 4 - جۈملىدىكى «ئوت» (ئىسىم) — ئوت - چۆپ مەنىسىنى ؛ 5- جۈملىدىكى «ئوت» (ئىسىم) — كۆيىدىغان ئوتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئات ، ئوت» دېگەن سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەردۇر .

ئوقۇلۇشى ھەم يېزىلىشى ئوخشاش ، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن :

كۆل — ئوچاقتىكى كۆل . كۆل — ئۇ كۆلدى .

ياش — قانچە ياشقا كىردىڭ ؟ ياش — ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتى . ياش — سەن تېخى ياش .

تەبىئەتتىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ نامى ئادەملەرگە ئىسىم قىلىپ قويۇلىدۇ . بۇنداق سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا شەكىلداش سۆزلەر بولىدۇ .

مەسىلەن :

يولۋاس — بۇ تاغدا يولۋاس بار ئىكەن .

يولۋاس — بۇ خەتنى ئاغىنەم يولۋاسقا يېزىۋاتىمەن .

پولات — دادام پولات زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ .

پولات — پولات سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى .

**93** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، شەكىلداش سۆزلەرنى تېپىڭلار :

1 . ياز كۈنلىرى چۈشتە ھاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كېتىدۇ . 2 . ئەمدى سەن ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدىغان بولۇپ قالدىڭ . 3 . بۈگۈن مەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن . 4 . سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارا چاپلىماقچى بولىسەن ؟ 5 . سەن ئالدى بىلەن بۇ يەرگە چۈش . 6 . سەن ئادىلغا قارا ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ .

7 . ئايشەمنىڭ چاپىنى قارا . 8 . ئوقۇغۇچىلار ، كىتابنىڭ 46 ـ بېتىنى ئېچىڭلار . 9 . قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كەتتى . 10 . بۇ گۇلنىڭ رەڭگى ئاچ سېرىق ئىكەن .

**94** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇغاچ ، شەكىلـداش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق مەنىلەردە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات ،
ياخشىلىق قىل بالام ، يامانلىقنى ئات .
ئەل بىلەن بىللە بول ، توپتىن ئايرىلما ،
يالغۇز يۈرسە چاڭ چىقارماس ياخشى ئات .

**95** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شەكىلداش سۆزلەرنى ھەر خىل مەنىلەردە چۈشەندۈرۈڭلار :

1 . چاق —
چاق —

2 . كۆك —
كۆك —

3 . قوي —
قوي —

4 . ئۈچ —
ئۈچ —

5 . چاچ —
چاچ —

ئۈلگە :

گۈلنۇرنىڭ چېچى قاپقارا .

گۈلنۇر توخۇغا دان چاچتى .

96 ـ كۆنۈكمە . «قوش ، ياش ، كۆك» دېگەن شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ھەر خىل مەنىلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم جۈملە تۈزۈڭلار .

يول
1. بۇ يول ئۇزۇن ئىكەن
2. بىلىم ئېلىشنىڭ يولى ئۇزۇن
3. بۇ [illegible] خىل يول بىلەن [illegible] .

قېرىنداش
ئۇلار ئاتا-ئانا قېرىنداشلار ئىكەن
مەن بازاردىن بىر توپ قېرىنداش سېتىۋالدىم

قوش
① مەن قوشلارنى ياخشى كۆرىمەن
② ئۇلار ئىككى قوش كىيىم ئالدى-[illegible]

ياش
① ئۇنىڭ دادىسى بەك ياش
② ئۇنىڭ كۆز يېشى دەريا كەبى ئاقتى.

كۆك
① كۆك ئاسماندا بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى
② ئۇنىڭ ئارزۇسى كۆككە يەتتى .

## 22 . قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر

تىلىمىزدا مەنىداش، شەكىلداش سۆزلەر بىلەن بىر قاتاردا يەنە قارىمۇقارشى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ بار.

مەسىلەن:

كېچە ـ كۈندۈز، قىش ـ ياز، دوست ـ دۈشمەن، ياخشى ـ يامان، ئاق ـ قارا، چوڭ ـ كىچىك

**مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە قارشى بولغان سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

بىز تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا ئەر ـ ئاياللار هوقۇقتا باراۋەر دەپ بەلگىلەنگەن.

بۈگۈنكى يىغىنغا چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش هەممىسى قاتناشتى.

ئۇ ئىسسىق ـ سوغۇققا قارىماي چېنىقىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش، ئىسسىق ـ سوغۇق» دېگەن سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەردۇر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلەتكەندە، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى روشەن ئىپا-

دىلىگىلى بولىدۇ . قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر خەلق ماقاللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ .

مەسىلەن :

ياخشىغا ئىشارە ، يامانغا جۇۋالدۇرۇز .

دوست يىغلىتىپ ئېيتار ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار) .

ياش كەلسە ئىشقا ، قېرى كەلسە ئاشقا .

كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ .

**97 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى ماقالالارنى ئوقۇپ ، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تېپىڭلار :

1 . بىلگەندىن ئۆگەن ، بىلمىگەنگە ئۆگەت . 2 . كۆز قورققاق ، قول باتۇر . 3 . ئاز سۆزلە ، كۆپ ئويلا . 4 . ياخشى سۆز تاشنى يارار ، يامان سۆز باشنى (يارار) . 5 . بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس ، بىر يامانلىق (ئۇنتۇلماس) . 6 . ئىشچان ئېشىنى يەر ، هورۇن بېشىنى (يەر) . 7 . ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە ، كىچە - كۈندۈز غېمىنى يە . 8 . بىلگەن بىلگىنىنى دەر ، بىلمىگەن ئېمىسىنى دەر .

**98 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تېپىپ يېزىڭلار :

قاتتىق — يۇمشاق    ھەق — ناھەق
تاتلىق — ئاچچىق    ئېگىز — پەس
يىراق — يېقىن    تۈز — ئەگرى

ئەخلاقلىق —　　　　بىلىملىك —

ئوغۇل —　　　　ئاچ —

**99** - كۆنۈكمە. ئۆزۈڭلار ئويلاپ بىرنەچچە جۈملە يې- زىڭلار، ئۇ جۈملىلەردە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر بول- سۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەنىداش سۆز ، شەكىلداش سۆز ۋە قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

100 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار :

ئالما كۆچىتى

باھار چېغى نۇر بوۋاي
كەتمەن ئېلىپ قولىغا ،
كۆچىتىنى ئالمىنىڭ
تىكتى ئېرىق بويىغا .

قاياقتىندۇر يۈگۈرۈپ
يېتىپ كەلدى نەۋرىسى .
نەزەر سالدى ئالمىغا ،
كېلىپ زوقى ، ھەۋىسى .

بىردىن گۆدەك قەلبىنى
قىزىق خىيال ئورىدى .
بوۋىسىدىن ئەركىلەپ
مۇنداق سوئال سورىدى :

«كۆپ چاغ ئۆتەر بۇ كۆچەت
گۇللەپ مېۋە بەرگۇچە .
بولارسىزمۇ ئالەمدە
ئاتا ئېغىز تەگكۇچە ؟ »

بوۋاي بىر پەس كۇلكىدىن
تۇتالمىدى ئۆزىنى .
چۇشەندۇرۇپ گۆدەككە
ئېيتتى يۇرەك سۆزىنى :

«ئەلنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىنى
ئويلىغان چىن ئەر ئەمەس .
قويغان مۇشۇ كۆچىتىم
ئەلگە سايە بولسا بەس !

مېنى ئەسلەر يېگەندە ،
ئەجرىم سىڭگەن يېمىشتىن .
ئۇيات ئىش يوق ئادەمگە ،
ئىز قالدۇرماي ئۆلۇشتىن ... »

بۇ سۆز گۆدەك قەلبىگە
شېرىن ئارزۇ ، ئوت سالدى .
پىشقان قىزىل ئالمىلار
كۆز ئالدىدا جانلاندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتمەن ئېلىپ قولىغا ،
بوۋىسىغا قاراشتى .
قاتار ـ قاتار كۆچەتلەر
مەلىگە زەپ ياراشتى .

ياش يۈرەكتە هاياتنىڭ
ئىشقى ياندى چوغ بولۇپ .
مېهنەت بىلەن باغ ياسار ،
ئۈمۈ ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ .

101 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . بۇ بوتۇلكىنىڭ ئېغىزى بەك كىچىك ئىكەن . 2 . دەپتەرلىرىڭلارنى پارتىغا سېلىۋېتىڭلار . 3 . بىزنىڭ باغنىڭ ئارقىسىدىكى بۇلاقتىن خېلى جىق سۇ چىقىدۇ . 4 . هەر قېتىمقى تاماقتىن كېيىن ، ئېغىزنى چايقاشنىڭ پايدىسى كۆپ . 5 . بىزنىڭ يېزىغا يېڭى مەكتەپ سالدى . 6 . بىز ياش نوتىلار مەكتەپ بىلىم بۇلىقىدىن قانغۇچە سۇ ئىچىمىز . 7 . سىلەر چوڭلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشىڭلار كېرەك . 8 . شامال ئېغىزلىرىدا بوران ناهايىتى كۈچلۈك چىقىدىكەن . 9 . يېزىمىز مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى . 10 . مەشىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېتىڭلار . 11 . باللار ، مېنى تولا گەپكە سالماڭلار . 12 . تاغارنىڭ ئېغىزى يېشىلىپ كېتىپتۇ . 13 . تىزلىپ ماڭغاندا ، قول سېلىپ مېڭىش كېرەك .

102 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ، بىرلا ئادەم ۋە نەرسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، بىر تۈردىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار :

ئوقۇغۇچى ، تەكلىماكان چۆلى ، ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى ، مەكتەپ ، كۆكتات ، دەپتەر ، ئوقۇش قوراللىرى ، ئەدەبىيات ، توقسۇ ناھىيىسى ، جىگدە باشلانغۇچ مەكتىپى ، ھېسام قۇربان ، كوئېنلۇن تېغى ، تۆگە ، ئەتىرگۇل ، تاشيول ، قاراماي شەھىرى ، توشقان

103 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، مەنىداش سۆزلەرنى تېپىڭلار :

1 . بۇ يىل مەكتىپىمىزگە 100 دىن ئارتۇق يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . 2 . ئارزۇگۇلنىڭ تەرگەن گۈللىرى ھەممىمىزنىڭكىدىن جىق ئىكەن . 3 . ئابلەتنىڭ دادىسى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى بىلىدىكەن . 4 . بۇ مەسىلىنى ئىشلەشكە كۆپ ۋاقتىمىز كەتتى . 5 . بىز يەكشەنبە كۈنى دەم ئالىمىز . 6 . يولداشلار ، چارچاپ قالدىڭلار ، ئولتۇرۇپ بىرئاز ھاردۇق ئېلىۋېلىڭلار . 7 . ئاپا ، قالغان ئىشنى مەن قىلاي ، سىز ئەمدى ئارام ئېلىڭ . 8 . ئادىلجان مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ . 9 . باشقىلارنىڭ قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىغىمۇ قاراپ بېقىش كېرەك . 10 . ئۇ يىراقلارغا نەزەر تاشلىماقتا ئىدى .

104 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خاتا قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مەنىداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ يېزىڭلار :

1 . ئابدۇراخماننىڭ بويى مېنىڭ بويۇمدىن 5 سانتىمېتىر يۇقىرى . 2 . گۈلمىرەنىڭ چىرايى ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغۇ ؟ 3 . ماھىنۇرنىڭ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نومۇرى سىنىپ بويىچە نۇرغۇن ئىكەن . 4 . تۈنۈگۈن كېچە بىزنىڭ كالىنىڭ كۆزى يورۇپتۇ . 5 . ئۇكام ، ماۋۇ كىتابلارنى شىرەنىڭ تۆۋىنىگە قويۇپ قويغىن . 6 . ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى ئادەتتە ئۇستىدىن ئاستىغا قاراپ ئاقىدۇ . 7 . ئۇ ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلسا ، تاۋۇشى ناھايىتى جاراڭلىق چىقىدۇ . 8 . بۇ پىچاق بەك تېز ئىكەن ، قولۇمنى كېسىۋەتتى . 9 . سىز بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ، بەكمۇ كۆركەم بولۇپ كېتىپسىز .

**105** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ ، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

مەن ئات مىندىم .

ئۇ مىلتىق ئاتتى .

مېنىڭ ئىنىم بىر ياشقا كىردى .

ئۆلۈم دېگەن قېرى - ياشقا باقمايدۇ .

تۇغقان دېگەن باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىشى كېرەك .

بۇ باشقا - باشقا ئىككى خىل مەنىدىكى گەپ .

سەن بۇ ئىشىڭنى بىر باشقا ئېلىپ چىق .

**106** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ

ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار :

1 . قوش :

قوش :

2 . ئۆن :

ئۆن :

**107 - كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ، قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆز ھاسىل قىلالايدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

ھارۋا ، ھۆل ، تاتلىق ، دەرسخانا ، ئىلى دەرياسى ، چوڭقۇر ، ھايات ، ھېكايە ، قوي ، يىراق ، تەملىك ، سىياسەت ، گېزىت ، ئۇچۇق ، چىرايلىق ، راست ، تاپشۇرۇق ، پولۇ ، چاپان ، قاتتىق ، قويۇق ، سېمىز ، ئەگرى ، ماگىزىن ، كىنو ، ئاكتىپ

**108 - كۆنۈكمە .** قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقالدىن ئالتىنى يېزىپ كېلىڭلار .










高天奇
巨风
小爷